# خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم - يادرو لوبنۇر پولىگونىنى ياپتۇرايلى !

خىتاينىڭ ئاتوم - يادرو ھالاكىتىگە قارشى
خەلقئارا لوبنۇر كۈنى بېكىتىلىشىنىڭ بىر يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ كۈنى بېكىتىلىشىدە سۆز-
لەنگەن سۆزلەرنىڭ توپلىمى .

شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى ئالمۇتا 1993

خەلىق ئاۋازى ئوبزورى كونفېرېنسىيەسى 1992 - يىل 27 - 28 - مارت كۈنلىرى ئالمۇتىنىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ چوڭ بىنالارنىڭ بىرى سىياسىي مەشغۇلاتلار ئۆيىنىڭ 800 كىشىلىك كىلوبىدا ئۆتتى. بۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان بويىچە كەلگەن 400 دىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەر؛ تۈركىيە، سەئۇدىيە، مىسىر، ئاۋسترالىيە ۋە موسكۋا - تاتارىستانلىق مېھمانلار بولۇپ، ھەر كۈنى 1000 دىن ئو- شۇق كىشى قاتنىشىپ تۇردى. جۇملىدىن كونفېرېنسىيەگە ئۇلۇق ۋە تىنچىنىڭ ھەر - ھەر چەت ئەللەردە ئۆزگەن ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ 90 كىشى قاتناشتى. ئىككى كۈنلۈك كونفېرېنسىيە مۇنبىرىدە 100 دىن ئوشۇق كىشى سۆزلىدى.

بۇ توپلامغا مانا شۇنداق تۈرلەرنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىدە بېسىلىپ چىققان سۆزلىرىنى 11 كىشىنىڭ سۆزىنى كىرگۈزدۇق. بۇ توپلام ناھايىتى چوڭ سىياسىي ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەھرىرات

-1-



# خەلق ئارا نېۋادا-شېمەي كومىتېتىنىڭ پرېزىدېنتى ئولجاس سۇلايمانوۋنىڭ كىرىش سۆزى.

بۈگۈنكى بىزنىڭ كونفېرېنسىيەمىز مۇستەقىل قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئازىيە جۇمھۇرىيەتلىرىگە چېگارىداش «لوبنۇر» سىناق مەيدانىنىڭ ئۆلۈمنى ئوچىرىشكە باشلىغان دەسلەپكى قەدەملىرى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل مۇقەددەم ۋۇجۇتقا كەلگەن «نېۋادا-شەمەي» ھەرىكىتى ھازىر خەلق ئارا مەيدانىغا چىقتى ۋە بىزنىڭ سەپداشلىرىمىزنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. ئەگەر يادرو سىناقلىرىغا قارشى ھەرىكەتكە سىگنالنى ئەمگەك كوللېكتىۋلىرى قاتناشمىغىندا، بىز ھېچ قاچان شەمەي پولىگونىنى يېپىۋالمايتتۇق. ھەرىكەت مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنى، يازغۇچىلارنى، ئالىملارنى، ژۇرنالىستلارنى، سىياسەتچىلەرنى ۋە ئاددىي ئادەملەرنى قىزىقتۇردى. ئۇ ھەقىقىي مەناسىدا خەلق ھەرىكىتىگە ئايلانغاندىلا ئۇز نەتىجىسىنى بەردى. قازاقىستان شەمەي پولىگونىنى يېپىپ، ئاقش، فرانسىيە، خىتايغا تەنەللىق يادرو پولىگونلىرىنىڭمۇ يېپىلىشىنى تەلەپ قىلىش مەنىۋى ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. چۈنكى ئاخىرقى قىرىق يىلدا بىز، ھەر قايسىمىز، يادرو پارتلاشلىرى ئاقىۋىتىدە پەيدا بولغان رادىئو ئاكتىپ ماددىلاردىن زەھەرلىنىپ كېلىۋاتىمىز. يادرو پولىگونلىرىدا ئوتكۈزۈلگەن ۋە ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتقان سىناقلار نەتىجىسىدە ئالتە مىللىون ئادەم ھالاك بولغان. يادرو پارتلىتىشلىرىغا قارشى خەلق ئارا بۇ



چوڭ قورقۇم خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى زورگۈزۈلۈۋاتقان تەدبىر ئەمەس. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، شۇ جۈملىدىن، «لوپنۇر» پولىگونى جايلاشقان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان ئاتوم قوراللىرى سىناقىنى توختىتىشقا قارىتىلغاندۇر. قىرىق يىل مابەينىدە ئىنسانىيەتكە قارشى زورگۈزۈلگەن ئەشۇ يادرو سىناقلىرى ئەتىجىسىدە قۇرۇۋان بولغانلار خاتىرىسىگە بىر مىنۇتلۇق سۈكۈت ساقلىشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن...

## خەلق ئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ پرېزىدېنتى يۈسۈپبەگ مۇخلىسىنىڭ دوكلاد سۆزى.

مۇرسەتلىك كونفېرېنسىيە قاتناشچىلىرى.

لوپنۇر جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ 550 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى ئىگەللىگەن تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي ئالاھىدە تۇرمان-توقاي، قۇم ۋە سۇلۇق لوپ ئايمىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى بولۇپ، بۇنىڭ شەرقىدىكى كۆل تەرىپى كۆپ كۆلچەك سۇلۇق، غەرىپ تەرىپى «لوپ چۆلى» دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ جاڭگاللىقنى تەشكىل قىلىدۇ. لوپنۇر كۆلدە ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى كۆل-

## مەلۇمات

خىتاينىڭ ئېرىنچى مۇددىشى ئاتوم سىنىقى 1963-ژىلى 1-نويابىر لوپنۇر ئاسمىنىدا پارتلىغان ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يېقىنقى لوپنۇر ئاسمىنىدا ئوچۇق ئاسماندا 22 قېتىم. يەر ئاستىدا 11 قېتىم سىناق ئۆتكۈزۈپ جەمئىي 210 مىڭدىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستان ئىنسانلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى. پاجىئە داۋام قىلماقتا.

چەكلەردە ئاھايىتى كوپ بېلىق ئۆسكەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاغ چۆللىرىدە 3500 خىلدىن ئوشۇق يازايى ئوسۇملۇكلەر ئوسىدۇ. بۇنىڭ چوڭ بىر قىسمى موشۇ لوبنۇر جاڭگىلىدا ئوسىدۇ. بۇ يەردىن ئەڭ ئېسىل «مەرگىيا» دېگەن دورا ئوسۇملۇكلىرى تېپىلغان. دۇنيا بويىچە قەدىمىي پايورتنىڭ ئوسۇملۇكلىرىنىڭ بىر تۈرى «توغراق» ئېسىملىق دەرەقنىڭ ۋەتىنىمۇ موشۇ تارىم دەرياسى بويى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز ھەم كوپ خىللىرى لوب جاڭگىلىدىن تېپىلىدۇ. ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا 650 خىلدىن ئوشۇق يازايى ھايۋانلار ياشىماقتا. شۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك ۋە دۇنيا بويىچە جىرايلىق يازايى يولۋاسلار بىلەن دۇنياۋى بىر دىن-بىر توگىلەر ۋە شەرىق بويىچە قىران يازا قارچۇغىلار موشۇ لوب جاڭگىلىدا ياشىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قاچانكى بۇ يەردە خىتاينىڭ مۇدھىش ئاتوم بومبىلىرى سىناق قىلىنمىغىچە لوبنۇر شەرقىي تۈركىستان بويىچە دۇنيا سەياھەتچىلىرىنى ئوزىگە جەلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئايلاپ ئوۋ ئوۋلاپ كوڭۇل ئاچىدىغان تەبىئىي بىر دەم ئېلىش جايى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە، شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئوتۇشىمىز كېرەككى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوز قولىدا بولۇپ، بۇ يەردە بىر مىللىي ئۇيغۇر دولىتى بولغان بولسا، لوبنۇر خۇددى ئافرىكىدىكى تەبىئىي دۇنياۋى ئالاھىدە مىللىي ھايۋانات بېغىدەك ئاسيانىڭ تەبىئىي ئالاھىدە مىللىي ھايۋانات بېغى بولغان بولار ئىدى.

لوبنىڭ بۇ ئەجايىپ ئابى ھاۋا تەبىئىتى 16- ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە تۇزۇلگەن «لاتايىپ لۇغەت» (ئېسىل سوزلەر لۇغىتى)دە يېزىلغىنىدەك، دۇنيانىڭ «يەتتە ئىقلىم» دەپ ئاتالغان يەتتە كلىماتىنىڭ بەشىنچىسىگە كىرگەن. ئۇنىڭدا بۇ ئابى ھاۋا «موتىدىل» (ھەممە تەرەپتىن تەڭشەلگەن)دېيىلىپ، «تۇپىسىغا ئادەم تېرىسە ئادەم ئۇنىدۇ!» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ھەقىقەتەن ھەم لوبنىڭ ھاۋاسى ئاھايىتى پاكىز ھەم يېقىملىق بولۇپ، بۇنىڭ ئېقىمى شىمالدا موڭغۇلستان ھاۋاسى بىلەن، جەنۇپتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەجايىپ يېقىملىق ۋە گوزەل ئېخى- ئالتۇن تاغ تاغلىرىنىڭ ھاۋاسى بىلەن ئۇتاشقان. بۇ موتىدىل ساپ ھاۋا، تازا تۇپا، جانلىق سۇ ئەسىرىدە لوب ئەتراپىدىكى خوتەن، چارقىلىق، لىيا، كېرىيە ناھىيەلىرىنىڭ ئېرىلغۇ زارلىقلىرىدا ئۇرۇغى قوناقتىن چوڭ بىر خىل ئون بۇغدايلىرى بىلەن «قوزىۋاي» ئوزۇنچاق چوروك تاۋۇزلار ئوسۇپ جاھانغا داڭقىنى چىقارغان. 1950-1960- يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستان بويىچە تىل، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ئۇستىدە تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان ئۇلىجا ئۇيغۇر ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەسى 1954 - يىلى چارقىلىقنىڭ بىر يېرىدە يەرگە كومۇلگەن 13- ئەسىرگە ئائىت بىر ئوردىن ئەجايىپ دانلىق بىر خىل ئون بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ، ئۇنى سىناپ يەرگە تېرىپ كورگەن ئىدى. 800 يىل يەر ئاستىدا ياتقان بۇ دانلار ئۇنۇپ بۇغداي بولدى. ئەپسۇس

كى؛ بۇ دۇنياۋى مۆجىزىنى دەرمە-
ھەل قولغا ئېلىنغان خىتاي پەنلەر
ئاكادېمىيەسى ئۇنىڭ سىرىنى دۇنياغا
ئاچماي، شۇ بويىچە يوقۇتىۋەتتى.
ئىككىنچى بىر مۆجىزە يەنە شۇ ئۇي-
غۇر ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ
مەلۇماتىغا قارىغاندا، خوتەنلىك ئۇر-
مۇھەممەد شەيخ ئىسىملىك ئۇيغۇر
ئاگرونومى موشۇ چارقىلىقتا دۇنيا بو-
يىچە بىر ئۇزۇنلۇق ئاۋۇز ئوستەر-
گەن. بۇ 15- ئەسىرگە ئائىت مەلۇ-
مات بولۇپ، بۇ خىل ئاۋۇزلار 20-
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ئارىم ئويمان-
لىقىدا ئوسكەن. يېقىندا ئامېرىكىدىكى
سان مالون فېرمىسىدا بۇ كەبى ئۇ-
زۇنسىز ئاۋۇزنىڭ ئوستۇرۇلگەنلى-
كىنى دۇنيا گېزىتلىرى قىزىقىپ ياز-
دى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىكى ساقلان-
غان بولسا سان مالوندىن 600 يىل
مۇقەددەم ئوستۇرۇلگەن ئۇيغۇر ئاگ-
رونومىنىڭ ئىجادىيىتى-شوھرىتى ساق-
لانغان بولار ئىدى.
مانا موشۇ ئەجايىپ قىدىمىي سى-
خى تەبىتكە يارىشا لوپ ئايمىقىدا
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇنجا ياپەس
ئەسىللىك تۈركى قەۋىملىرى ياش-
غان. 1970- يىللىرى بۇ يەردىن تې-
پىلغان بىر ئەر ئايالنىڭ جەسەدىنى
تەكشۈرگەن ئارخېئولوگلار ئۇنى بۇ-
نىڭدىن 6400 يىل بۇرۇن ياشىغان كى-
شىلەر دەپ باھالىدى. بۇ تۈركى خە-
لىقلەر ھازىرقى تەكلىماكان چولى
ئېچى قۇمغا ئايلانمىغان ۋاقىتلاردا
بۇ يەردە «شەھەرى كەتەك»، «دە-
ۋەن ئويلۇق»، «مەلىكە ئاۋات»-
كەبى ئونلىغان چوڭ-چوڭ شەھەر-
لەرنى بىنا قىلىپ، ئاھايىتى باي ھەم
مەدەنىي ھايات كەچۈرگەن. بۇ شە-
ھەرلەر خارابىلىرىدىن ھازىرغىچە چى-
قىۋاتقان ئەسەر ئەتىقىلەر بىزنىڭ بۇ
دېگەنلىرىمىزنى تولۇق دەلىللەۋاتىدۇ.
بۇ مەدەنىيەت ئۇيغۇر تارىخىدا «مە-
لىكە ئاۋات مەدەنىيىتى» دەپ ئاتى-
لىدۇ. مەلىكە ئاۋاتتا (ھازىرقى خو-
تەندە) شەرقنىڭ ئەڭ كونا ئىپەكچى-
لىك ھۈنىرى تەرەققىي قىلغان. ئى-
پەكتىن ا- ئەسىردە شايلون ئىسىم-
لىك كىشى ئاھايىتى سىلىق رەڭلىك
ھەم يۇمشاق بىر رەخ توقۇغان. خە-
لىق بۇ رەختە ئوز ئۇستىسىنىڭ ئا-
مىنى بېرىپ «شايى» دەپ ئاتاپ كەل-
گەن ۋە ئۇنىڭ نامىدا «شايلەم!»
دەپ ئاخشا توقۇشقان. شايى ھازىر-
مۇ ئۇيغۇر، ئوزبەك خەلقىنىڭ ئېت-
ۋارلىق رەخلىرىنىڭ بىرىدۇر. ھازىر
دۇنيا خەلقى قىزىقىپ ئۆگىنىۋاتقان
«ئىپەك يولى» مانا موشۇ ئىپەك ۋە
ئىنى مەلىكە ئاۋاتتىن باشلانغان. ئەپ-
سۇسكى، دۇنيا خەلقى ئېچى بۇ تا-
رىخىي ھەقىقەتلەرنى ياخشى بىلمەيۋا-
تىدۇ.
مانا موشۇ ئەجايىپ قىدىمىي سى-
خى ۋە ئالاھىدە زونا ھېساپلانغان
لوبنۇر ئايمىقىغا خىتاي باسقۇنچىلى-
رىنىڭ بىرىنچى قەدىمى 1958-يىلى
«خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ غەر-
بىي شىمال گېولوگلىرى!!»- دې-
گەن نام ئاستىدا كەلدى. كېيىن مە-
لۇم بولۇشىچە بۇ ئوترەد قانداقتۇر
گېولوگلار بولماي، بېيجىڭنىڭ ئاتوم
پولىگونىنى قۇرۇش پلانى بىلەن كەل-
گەن ھەربىيلەر بولۇپ چىقتى.
ماۋنىڭ سادىق شاگىرتى ۋاڭ ئېن-
ماۋ جاھانگىر بۇۋىسىنىڭ تاپشۇرۇغى-
نى بۇلجۇتماي ئورۇنلاپ، شۇ 1958
-يىللا لوبنۇرنى مەخپىي زونىغا ئاي-
لاندۇرۇپ، ھەربىيلەشتۈردى. بۇ ئەت-
راپقا 7 لاگېر قۇرۇپ، شەرقىي تۈر-
كىستان بويىچە قولغا ئېلىنغان سەيا-

سى مەھبۇسلارنى بۇ لاگېرغا ۋىغدى.
بۇرۇن بۇ ئەتراپقا كېلىپ قالغان خى-
تايلارنى شىمالغا كوچۇرۇپ، ماناسقا
ئورۇنلاشتۇردى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تارىختىن
بېرى ئېچ مەرىپەت قىزچۇغىدا ياشاپ
كەلگەن شەرقىي تۈركىستانغا 1949-
يىلدىن بېرى زورلۇق بىلەن كىرىۋال-
غان ئۇرۇشپەرەس ماۋچىلار بۇ سې-
خى زېمىندا ئۆزى پىلانلىغان ئاتوم بوم-
بىسىنى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشۇردى.
ئۇنىڭ بىرىنچى ئاتوم بومبىسى
1963- يىلى ئوكتەبردە ئۇيغۇر
دىيارى لوبنۇرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا
پارتلىدى. ئەمما بۇ خەۋەر ،دۇنياغا
ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاڭلاندى. موس-
كۋا ئۇنى شۇ كۈنى بىلگەن بولسى-
مۇ ئۈن چىقمىدى. بۇنىڭدىن قالدۇق-
تۇ ئەپ ئالغان بېيجىن 1964 -يىل
14 -مايدا ئىككىنچى بومبىنى سىنى-
ماندا جاھانغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋا-
قىرىدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاش
بىلەن سابىق ئىمىگرانتى ئالىي كېڭەشى
رىياسەتكە دەرھال نارازىلىق خەت يوللاپ،
مېنىڭ ۋەتىنىمدىكى بىر ئەشەد
دىي تەۋەككەلچىلىكنى توختىتىشنى ئىل-
تىماس قىلدىم. بېيجىن موشۇ ئىككىن-
چى سىناقتىن كېيىن 1971- يىلى
24- نويابىر، 1973 -يىلى 29-ئاپ-
رېل، 1976- يىلى 26- سېنتەبىر-
لەردە بولۇپ، 10 يىل ئىچىدە ھاۋا-
دا 19 قېتىم ئاتوم سىنىقىنى ئوتكۈز-
دى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شەرقىي
تۈركىستان خەلقى ئىچىدە بىردىن ئا-
توم ئاغرىقلىرى ئۇۋۇچ ئېلىپ كەتتى.

ئەڭ دەسلەپكى ئېغىر ئوپكە
ئاغرىقى 1964- يىلى تۇرپاننىڭ پى-
چە ناھىيەسىدە پەيدا بولغانلىقى
مەلۇم بولدى. مەن موشۇ يەردە
پېقىندا قولۇمغا تەككەن ئەجايىپ بىر
يېڭى فاكتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئو-
تىمەن. تۇرپان بىلەن لوبنۇرنىڭ ئا-
رىلىقى 6- 7 يۈز كىلومېتىر بولۇپ،
ئارىسىدا قارا جاڭگال دېگەن چول
تاغ بار. بۇ تاغدا ئادەم ياشىمايدۇ.
ۋە شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئەڭ
چوڭ كېلە (چول تىمسىقى) ياشايدۇ.
تۇرپانلىق ئوۋچىلار بۇ چولگە كې-
لىپ كېلە ئوۋلاپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى
ئىشلىتىدۇ. 1964- يىلى كۈزدە بىر
نەچچە ئوۋچى بۇ چولگە كەلگەندە
ئوزىنىڭ كوزىگە ئوزى ئىشەنمەي
قالغان. چولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر
قاۋاقتا تومۇر بېتون قورۇق ياسى-
لىپ، چورىسىگە 5-6 يۈز چېدىر تى-
كىلگەن. لېكىن بۇ قورۇق بىلەن چې-
دىرلاردا بىرمۇ ئادەم كورۇنمىگەن.
مىڭلىغان ماشىنا ۋە موتوتسىكىللار
ۋەيران بولۇپ، چېدىر ئىچىدىكى
ئوزۇق -تۈلۈكلەر قۇرۇپ، ئۇيۇپ
قالغان. بۇنى كورگەن ئوۋچىلار ھېچ
نەرسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا ئوزلىرى-
گە كېرەك بىردىن موتوتسىكىللارنى ئې-
لىپ يېچانغا قايتقان. بۇنىڭ بىلەن
پىچاندا بىردىن دەم سىقىش- ئوپكە
كېسىلى پەيدا بولۇپ، ئاۋال ھېلىقى
ئوۋچىلار ئائىلىلىرى بىلەن ئولگەن.
ئاندىن پۈتۈن ئمەھەللىلەرگە ئوپكە
ئاغرىقى يېيىلىپ مىڭلەر قۇرۇپ كەت-
كەن. مەھەللە ھوكۇمەت بۇ ئەھۋالنى
بىلگەندىن كېينلا قارا جاڭگالنىڭ يو-
لىنى توسقان.

بۇ يەردە شۇندىاق بىر سوئال تۇ-
غۇلىدۇ. خىتاي تەۋەككۈلچىلىرى بى-
رىنچى ئاتوم .سىنىقىنى لوبنۇردىكى
يولىگولسىز موشۇ جاڭگالدىكى بېتون
ئىچىدە سىنايمەن دەپ ئوزلىرى يو-
قۇلۇپ كەتكەنمۇ، يا بولمىسا ئۇ يەر-
دە بىر ئاتوم ئامبىرى بولۇپ ئۇ پارتى-
لاپ كېتىش ئەتىجىسىدە. خىتايلار ئۇ

نىڭدىن قورقۇپ تاشلاپ قويغانمۇ؟ بىزگە بۇ مەلۇماتنى بەرگۈچى ۋەتەندىكى كوزى بىلەن كورگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بىزگە مەلۇم بولىسمۇ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتىنى ساقلىدۇق) بۇ جاڭگالدىكى ۋەيرانچىلىق تا ھازىرغىچە كۆمۈلمىگەن. بىز چېرنوبىلنىڭ تەجرىبىسىدىن شۇنى ياخشى بىلىمىزكى، ئۇ چوڭ يەردە پارتلىغان ئاتوم زەررىلىرىنى كومۇپ يوقىتىشنىڭ قانچىلىك ئادەم، تېخنىكا ۋە پۇلغا توختايدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىشىمىز شەرت.

موشۇ پىچانىدا باشلانغان ئوپكە ئاغرىقى 1970- يىللىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە نەچچە مىڭلىغان كىشى بۇ ئاغرىق بىلەن ئۆلدى. ياكى زەخىملەندى. بۇنى شىنجاڭ ئەخباراتى «ئېغىر ئوپكە ياللۇغى» دەپ ئېغىر ئاتوم پاجەسىنى يوشۇردى. 1980- يىللىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە ئوپكە راكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر جىگەر راكى ئۇشتۇمتۇت ئۆۋج ئېلىپ، 1986-1987- يىللىرى بۇ راك ئاغرىقى پۈتۈن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى لەرزىگە كەلتۈردى. موشۇ ئىككى يىل ئىچىدە يالغۇز قەشقەر ۋىلايىتىدە 10 مىڭغا يېقىن كىشى جىگەر راكىدىن ئۆلدى. بۇنى توختىتىش ئۈچۈن ش.ئۇ.ئار سەھىيە نازارىتى بېجىندىن 10 مىللىون يۈەن سورىغان ئىدى. بېجىن بۇ پۇلنى بەرمىدى، نەتىجىدە جىگەر راكى شۇنچىلىك كۈچىيىپ كەتتىكى، قەشقەرنىڭ يالغۇز ئاتۇش ناھىيەسىدە كۈنىگە 25-30 ئادەم ئۆلۈپ، ئۆلۈكلەرنى كومۈشكە ئادەم يەتمەي قالدى. مەن دەۋاتقان بۇ ئەجايىپ ئېغىر پاجەلەر-

لى ئۆز كوزى بىلەن كورۇپ چىققان شاھىدلار قازاقىستاندا ياشاۋاتىدۇ. تاقۇۋەت خىتايلار قەشقەر يولىنى ئېتىپ، پۈتۈن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى ھەربىيلەر مۇھاجىرىسىگە ئالدى. ئۈرۈمچىدە مەخسۇس كومىسسىيە قۇرۇلۇپ، بېجىن سورالغان مەبلەغدىن 7 مىللىون يۈەن پۇل ئاجرىتىشقا مەجبۇر بولدى. كومىسسىيەنىڭ بىر يىلدىن كېيىن چىقارغان خۇلاسە ئاخباراتىدا جىگەر راكى بىلەن ئاغرىغانلار سانى 170 مىڭ كىشى دەپ كورسىتىلدى. ئولگەنلەرنىڭ سانىنى يوشۇردى. مەن شۇ مىنبەردە ئاھايىتى مەسئۇلىيەت بىلەن ئۇرۇپ شۇنى ئېيتىشقا ھەقلىقمەنكى، مېنىڭ قولۇمغا تەككەن مەلۇماتتا موشۇ جىگەر راكى بىلەن ئولگەنلەرنىڭ سانى 150 مىڭ كىشىدىن ئوشۇق بولۇپ، ئۇمۇمىي ئاتوم سىنىقى ئاقىۋىتىدىن راك بولۇپ ئولگەنلەرنىڭ سانى 210 مىڭ كىشىنى تەشكىل قىلغان. مەن بىز ئۈچۈن ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بۇ دەھشەتلىك رەقەمنى 1990- يىلى 6- ئوكتەبىر خەلق ئارا 8- بولىن كونفېرېنسىيەسىدە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئاڭلاتتىم.

بېجىن تەۋەكەلچىلىرى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي يەنە ھاۋادا 8 قېتىم ئاتوم، 6 قېتىم ۋودورود بومبىسىنى سىناپ ئەجەل دانىرىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئەلدى ئايالار ئىچىدە بالاياتقۇ راكى ئۆۋج ئېلىپ، باللار ئىچىدە قول-پۇتى بىردىن پالەچ بولۇش، كوزلىرىگە بىردىن ئاق چۈشۈپ كورمەي قېلىش كەبى يېڭى ئاغرىقلار كۈچىيىپ كەتتى. مەن 1990- يىلى ئوك-

تەبىردە خەلق ئارا 8- ئىيۇن كونفېرېنسىيەسىدە سۆزلىگەن سۆزۈمدە بۇ يېڭى ئاغرىق بىلەن يالغۇز خوتەندىلا 300دىن ئوشۇق بالىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدىم.

ئەندى مەن بېيجىن دائىرىلىرىنىڭ لوبنۇر پولىگونىدا ئېلىپ بارغان 34 قېتىملىق ئاتوم- يادرو سىناقلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىتىگە يەتكۈزگەن ئېغىر زەھەر ۋە زىيانلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. لوبنۇرنىڭ ئۆزىنى ئالغاندا، ئەگەر ئۇ مەن ژۇرنالدا تەرىپلىگەن دەرىجىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەننىتى بولغان بولسا، مۇدھىش ئاتوم يادرو سىناقلىرىدىن كېيىن دوزاققا ئايلاندى. بۇرۇن تارىم بويىچە 11 ميللىون مو يەردە توغراق دەرىخى ئۆسەتتى. 1970- يىللىرى ئۇنىڭدىن 1 ميللىون مو قالدى. ھازىر خىتايلار بۇ زونىدىكى توغراقلار يەنە ئۆسۈپ 7 ميللىون مۇ بولدى دەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى لوبنۇرنىڭ غەربىدىكى يۈزلىگەن ئۇششاق كۆلچەكلەر قۇرۇپ، لوبنۇر كۆلىنىڭ چۆرىسىنى قۇم بېسىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى بېلىقلار تامامەن تۈگىگەن. 1991- يىلى ماي- ئىيۇن ئايلىرىدا چۆپ، سۇ يېتمەسلىك نەتىجىسىدە 3،5 ميللىون مال قىرىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ميللىون 600 مىڭ قوي- ئۆچكىلەرنىڭ قىشتىن چىقالماسلىقى ئېيتىلدى. شەرقىي تۈركىستان تەبىئىتىدىكى مانا بۇ خىل جىددىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇنىڭدىن ھاياتقا يېتىۋاتقان ئېغىر زىيانلار- خوۋۇپلار كۈن ساناپ كۈچىيىۋاتىدۇ.

ي. مۇخلىسى،

خەلق ئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ پرېزىدېنتى.

## قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، پروفېسسور ئى. يا. چاسنىكوۋنىڭ سۆزى

خىتاينىڭ «لوبنۇر» يادرو پولىگونى (سىناق مەيدانى) مۇئەممالىرى بويىچە خەلق ئارا كونفېرېنسىيە ئېچىلىش ھارپىسىدا ماڭا ژۇرنالىستلار: «لوبنۇر» يادرو پولىگونىنىڭ مۇئەممالىرى بويىچە مەزكۇر كونفېرېنسىيەنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش بولىدۇ دەپ ھېسابلىمامسىز؟»، - دېگەن سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلدى. مەن: «ئەگەر قازاقىستان چېگارىسىغا يېقىن جايلاشقان پولىگوندىكى يادرو پارتلاشلار ماددىلىرىنىڭ بىزنىڭ ئۆلكىمىزگە يېغىۋاتقان ۋە شەمەي پولىگونىدىكى پارتلاشلارغا قارىغاندا ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكى بىلەن ھاياتىغا كۆپ تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان بول-

سا، ئېغىز ئاچماي تۇرۇش مۇمكىن-
مۇ؟ قازاقىستان ئونكولوگىيە ۋە را-
دىئولوگىيە ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇ-
تىنىڭ 1970-يىلدىن 1980-يىلغىچە
بولغان دەۋر ئىچىدىكى مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، ئالمۇتا ۋىلايىتىدە (ئالمۇتا
شەھىرىسىز) بالىلارنىڭ ئونكولوگىيە
ئاغرىقى بىلەن ئاغرىشى 30
ھەسسە ئۆسكەن. ئەلدى-
1979-يىلدىن 1989-يىلغى-
چە بالىلار ئۆلۈمى 3 ھەسسە ئۆس-
كەن ۋە ئۇ قازاقىستاندا ئەڭ يۇقۇ-
رى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق
فاكتنى ئېيتماسلىق جىنايەت بولىدۇ
ۋە يادرو قۇراللىرىنى كۆپلەپ ئىش-
لەپ چىقىرىشنى پەيدا قىلىۋاتقانلار-
نى ئەيىبلەش كېرەك. كونفېرېنسىيە-
دە مۇنداق مەسىلىلەرنى قاراش خۇس-
نا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارى-
لىشىش بولماي، بەلكى ئىنساننىڭ سا-
لامەتلىكى ۋە ھاياتى ئۈچۈن ئادالەت-
لىك كۈرەش ھەرىكىتى بولۇپ ھېساپ-
لىنىدۇ»، - دەپ جاۋاپ بەردىم.

خىتاي ئاتوم بومبىسى دەسلەپكى
قېتىم 1964-يىلى 16-ئۆكتەبىردە،
يەنى 1963-يىلى 3 مۇھىتتا يادرو
سىنىقىنى مەنئىي قىلىش توغرىلىق كې-
لىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن پارتلىتىل-
دى. مەلۇمكى، فرانسىيە بىلەن خىتاي
بۇ كېلىشىمنى ئىمزالىمىدى، دەسلەپ-
كى پارتلاشنىڭ قۇۋۋىتى 20 كىلوتون-
دىن ئاشمىدى، يەنى خىروسىمىغا
تاشلانغان ئاتوم بومبىسىنىڭ قۇدرى-
تى بىلەن باراۋەرلەشتۈرۈش مۇم-
كىن. رادىئوئاكتىپ زەھەرلىنىش ئىز-
لىرى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قازا-
قىستاندا، يىراق شەرقتە ۋە باشقا
جايلاردا رويخەتكە ئېلىندى. تېرمو
يادرو قۇراللى دەسلەپكى قېتىم 1967
-يىلى 17-ئىيۇلدا پارتلىتىلدى. ئۇ-
نىڭ قۇۋۋىتى 3 مېگاتونغا يېقىن (1
مېگاتوننا 1000 كىلوتوننى تەشكىل
قىلىدۇ). 1973-يىلى 27-ئىيۇلدى-
كى ۋە 1974-يىلى 17-ئىيۇلدىكى
تېرمو يادرو پارتلاشلىرى 1974-
1975-يىللىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك
دەرىجىدە رادىئاتسىيون پاسكىنىلىشىش-
نى پەيدا قىلدى. 1976-يىلى 17-
نويابىردە ئاتموسفېرىدىكى تېرمو ياد-
رو پارتلىشى ئەڭ قۇۋۋەتلىك بولدى.
(قۇۋۋىتى 4 مېگا توننا ئەتراپىدا).
1980-يىلى 16-ئۆكتەبىر كۈنى
ئاتموسفېرىدا يادرو قۇراللى ئاخىرقى
قېتىم پارتلىتىلدى. شۇنداق قىلىپ
«لوبنۇر» پولىگونىدا يادرو بومبى-
لىرى، ھاۋادا توپ-توغرا 16 يىل،
ئەلدى شەمەي پولىگونىدا بولسا
13 يىلغا يېقىن پارتلىتىلدى.

يەردە ۋە تۆۋەن ئېگىزلىكتە ياكى
رادىئو لۈكىلدىلار بىلەن ئارىلاشقان تو-
پا تاشلىنىشى بىلەن يەر ئاستىدا قى-
لىنغان پارتلاشلار پولىگونلار ئەترا-
پىدىكى رايونلارنى ئاممىتى كۈچلۈك
پاسكىنىلاشتۇرىدۇ. يۇقۇرى ئېگىزلىك-
تە قىلىنغان پارتلاشلار ستراتوسفېرىغا
رادىئوئاكتىپ ماددىلارنى تاشلىشى
مۇمكىن، ئۇلار ھە دېگەندە بۇلۇت ھا-
سىل قىلىدۇ، ئاندىن تارقىلىپ كېتى-
دۇ ۋە ھاۋا رايى شارائىتىغا باغلىق
كۆپلىگەن يىللار داۋامىدا يەر شارىنى
پاسكىنىلاشتۇرغان ھالدا ئۇنىڭ ھەر
خىل رايونلىرىغا ياغىدۇ. شەمەي يا-
كى لوبنۇر پولىگونلىرىدىكى يادرو
پارتلاشلىرىدىن ھاسىل بولغان رادىئو-
ئاكتىپ بۇلۇتلار بىر نەچچە كۈندىن
كېيىن يىراق شەرققە، ئاندىن ئا-
مېرىكىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە 7-10
كۈندىن كېيىن، يەر شارىنى ئايلىنىپ،

ئۇزلىرى ھاسىل بولغان جايغا قايتىپ كېلىدۇ. رادىئو ئاكتىپ بۇ ئۇزلىرى بىر ئايغا يېقىن موجۇت بولىدۇ.

ئاساسىي جەھەتتىن يەت ئەل مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلاردىن پايدىلانغان ھالدا 1949- يىلدىن 1990- يىلغىچە بولغان دەۋر ئىچىدە شەمەي ۋە لوبنۇر پولىگونلىرىدىكى بىزگە مەلۇم يادرو پارتلاتىشلىرى سانى بويىچە تەخمىنات جەدۋىلىنى تۈزۈش مۇمكىن. مۇنداق تەخمىنات 1- سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن. تۆۋەندىكى نەرسىگە دىققەت بۆلۈشىڭلارنى خالىغان بولار ئىدىم:

شەمەي پولىگونىدا بىزگە مەلۇم مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئاتموسفېرىدا بارى- يوقى قۇۋۋىتى 1 مېگاتوننىغا يېقىن بىر بومبا سىناق قىلىنغان، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «لوبنۇر» پولىگونىدا قۇۋۋىتى 1 مېگاتوننىدىن ئىككى، 3 مېگاتوننىدىن- بەش ۋە 4 مېگاتوننىدىن- بىر بومبا پارتلىتىلغان. (1- سۈرەتتە ئۇلار ستىرېلكىلار بىلەن بەلگۈلەنگەن). شۇنداق قىلىپ «لوبنۇر» پولىگونىدا ئاممىۋى قىرغىنچىلىق قۇراللىنى سىناق قىلىش دەۋرى خېلە ئۇزاق بولغان ۋە شەمەي پولىگونىغا يېقىن جايدىكىگە قارىغاندا ئاتموسفېرىدىكى يادرو پارتلاتىشلىرىنىڭ قۇۋۋىتى خېلە يۇقىرى بولغان، شەمەي رايونىدىكى يادرو پارتلاتىشلارنىڭ ئومۇم سانى خېلە نۇرغۇن بولدى.

مېنىڭ ئىلگىرىكى ماقالىلىرىمدا ۋە سۆزلىرىمدە بالىلار ئۆلۈمى ۋە يادرو پارتلاتىشلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇغرىدىن- تۇغرا ئالاقە بارلىقى تەكىتلەنگەن ئىدى. بالىلار، ئېنىقراقى گۈدەكلەر ئۆلۈمى توغرىلىق مەلۇماتلار ئېلان قىلىنغان ئۇلالىملاردىن ئېلىندى.

بىزنىڭ پىكرىمىزچە 1971- يىلدىن باشلاپ تۇغۇلغان 1000 بالىغا بىر ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالىلار ئۆلۈمىنىڭ خېلە كۆپىيىشى 1976- 1981- يىللىرى شەمەي ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە ئەڭ يۇقىرى بولغانلىقى، ئادەملەرنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادىدا رادىئاتسىيەنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكى شۈبھە تۇغدۇرمايدۇ. يادرو پارتلاتىشلىرى يەردە ياكى تۆۋەن ئېگىزلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئاساسىي جەھەتتىن يادرو سىناقلىرىنى ئوتكۈزۈشنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۇغۇلغان ئاتا- ئانىلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ بالىلىرى خېلە كۈچلۈك ئازاب چېكىدۇ. ئالىم ۋ. گ. ئۇشاكوۋالىتر ۋە باشقىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 1976 - يىلدىن 1980- يىلغىچە تاغلىق ئالتايدا شەمەي پولىگونىدا يادرو قۇراللىنى سىناق قىلىشنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۇغۇلغان ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۆلۈك تۇغۇلغان بالىلار پروتسېنتىنىڭ ئاشىشى ۋۇجۇتلىقى بايقىلىدۇ. (تۇغۇلغان 1000 بالىغا چېقىپ ھېسابلىغاندا 33,6 بالا ئۆلۈك تۇغۇلغان.) بۇ يەردە ئالىملار شۇنداقلا خىتاينىڭ «لوبنۇر» پولىگونىنىڭ بىرىنچى ئەۋلادنىڭ ئۆلۈك بالىلار تۇغۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىستىسنا قىلالمايدۇ.

2- سۈرەتتە 1971 - يىلدىن 1983- يىلغىچە بولغان دەۋر ئىچىدىكى بالىلار ئۆلۈمى مەلۇماتلىرى كەلتۈرۈلگەن، 1979- يىلى شەمەي ۋىلايىتىدە بالىلار ئۆلۈمىنىڭ قىسمەن ئازايغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن، ئۇنى 1959- ۋە 1960- يىللىرى يادرو قۇراللىنى سىناق قىلىشنى توختىت-

تىپ قويۇش ئېلان قىلىنىشى بىلەن
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.
ئالمۇتا ۋىلايىتىدە (ئالمۇتىسىز)
1975- يىلى بالىلار ئۆلۈمىنىڭ ئەڭ
كۆپ بولغانلىقى بايقالدى، ئۇ شۇ
يىلى شەمەي ۋىلايىتىدە بالىلار ئۆلۈ-
مىنىڭ دەرىجىسىدىكىدىن خېلە ئۆر-
ۈن بولدى.

«لوبنۇر» پولىگونىدا ئەڭ قۇ-
ۋەتلىك پارتلاشلار ئۆتكۈزۈلۈپ بىر
يىلدىن كېيىن ئادەتتە ئالمۇتىدا با-
لىلار ئۆلۈمى دەررۇ ئۆسىدۇ. (مۇن-
داق ھادىسە شەمەي ۋىلايىتىدىمۇ ئو-
رۇن ئالغان). مەسىلەن، 1980- يىلى
ئۆكتەبىردە ئاتموسفېرىدا يادرو قو-
رالى پارتلىتىلغاندىن كېيىن 1981-
ۋە 1982- يىللىرى بالىلار ئۆلۈمى
ئالمۇتىدا 1979- ۋە 1980- يىلل-
ى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن
40 پروتسېنت ئۆسكەن. (ئەڭ قۇۋەت-
لىك پارتلاشلار 2- سۈرەتتە سترېل-
كىلار بىلەن كۆرسىتىلگەن). قازاقىس-
تان ۋە خىتايدىكى پولىگونلاردىن نا-
ھايىتى يىراق مەملىكەتلىرىدە 1971-
يىلدىن 1976- يىلغىچە بولغان دە-
ۋىردە بالىلار ئۆلۈمىنىڭ ئۆسۈش مە-
لۇماتلىرى بىزدە يوق.

«نېۋادا- شەمەي» ئومۇم خەلق
ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت، جۇ-
مھۇرىيەت پرېزىدېنتىنىڭ قوللاپ- قۇ-
ۋەتلىشى بىلەن شەمەي پولىگونىنى
يېپىش ۋە ئۇ توغرىلىق قالدۇقلار ئە-
خباراتلارنى ئېلىش مۇمكىن بولدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «لوبنۇر»
پولىگونى ئەتراپىدا ياشايدىغان خە-
لقنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئازاپلىرى توغرى-
لىق جامائەتچىلىك ئەمەلىياتتا ھېچ
نەرسە بىلمەيدۇ. مەن يېقىنقى يىللار
ئىچىدە سەيارىمىزدىكى بارلىق بەش

يادرو پولىگونىنىڭ يېپىلىدىغانلىقىغا
ۋە يەرنىڭ ۋە ئادەمنىڭ تىكلىنى-
شى» پروگراممىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇلىدىغانلىقىغا ئۈمىد قىلىمەن.
خىتاي يادرو پولىگونى مۇئەممالى-
رى بويىچە خەلقئارا كونفېرېنسىيە-
نىڭ تەشكىلىي كومىتېتى كونفېرېنسى-
يەدە قىلىنغان دوكلاتلار بىلەن سۆز-
لەرنى ئايرىم توپلام قىلىپ نەشر
قىلىشنى پىلانلىماقتا، ئۇنىڭدىن كې-
تاپخانلار «لوبنۇر» پولىگونى توغرى-
لىق تېخىمۇ تەپسىلىي ئەخبارات ئېلى-
شى مۇمكىن.



«نېۋادا - شەمەي» خەلقئارا
يادرو قورالىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ
قۇرغۇچىسى - پرېزىدېنتى مىرزاخان
ئېرىمبېتوۋنىڭ سۆزى.

مەتبۇئاتتا خىتاينىڭ «لوبنۇر»
راكېتا-يادرو پولىگونى مۇئەممالىرى

بۇيىچە خەلق ئارا كونفېرېنسىيە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش بولدى دېگەن خەۋەرلەر پەيدا بولدى. بۇنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟

بىزنىڭ كونفېرېنسىيەمىز بەت كوزدە تۇتىدىغان قائىدىلەرگە ئېنىق مۇۋاپىق ھالدا ئوتكۈزۈلدى. مەلۇمكى، بارلىق مەملىكەتلەر تەرىپىدىن ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەلدى بولۇپ كورۈلمىگەن مىقياستىكى ھەربىي سانائەت كومپلېكسى بولغان جايدا، سالام، نورمال ھايات كەچۈرۈش مۇھىتىنى بولغان ئىنسان ھوقۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ياققال كورۈنىدۇ.

كونفېرېنسىيە بىزگە قېرىنداش دوست مەملىكەتنىڭ خەلقىگە قارشى ئۇرۇشنى زادىلا ئوزىنىڭ مەخسىتى قىلىپ قويمىغان، بۇ مەملىكەت بىلەن ھازىر بارلىق دەرىجىلەردە ئىز جۇملىدىن جەمئىيەت بىرلەشمىلىرى دەرىجىسىدە ئالاقىلار يولغا سېلىنماقتا.

بۇ كونفېرېنسىيە ھەددىدىن ئاشقىرى ھەربىيلەشتۈرۈشكە قارشى، ھازىرنىڭ ئوزىدە توپلانغان يادرو قۇرالغا قارشى قارىتىلغان ئىدى. ئۇ پەقەت خىتايدىكىلا يادرو قۇرالغا قارشى قارىتىلغان ئەمەس. بىز يادرو قۇرالنىڭ ئىنسانىيەت سىۋىلىزاتسىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولماسلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدۇق ۋە ھەرىكەت قىلىمىز.

چۈنكى ئېچ يادرو ئۇرۇشى كېتىپ بارىدۇ، يادرو تامغۇسى قىرغىنچىلىقى ئادەملەرگە قارشى قارىتىلغان، ئەتراپ مۇھىتنى چىداپ بولماسلىق ھالەتكە ئېلىپ كەلمەكتە. مىسال ئىزدەپ ۋىراققا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. شەمەي يادرو پولىگونىغا يېقىن جايدا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكى يادرو سىناقلىرىنىڭ تەسىرىگە دۇچار بولغان چوڭلارنىڭمۇ، بالىلارنىڭمۇ قانچىلىك ئازاپ چېكىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

كونفېرېنسىيەدە ياڭرىغان ئادەملەرنىڭ ئورغۇزۇلغان دەھشەتلىك گۇۋالىقلىرى بىزگە ئويغۇرستاندىمۇ، «لوبنۇر» پولىگونىنىڭ يېنىدا ئەينە شۇنداق دەھشەتلىك ۋاقەلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا ئادەمنى ئىشەندۈرىدۇ. بىز شۇئۇ ئاردا ياشاۋاتقان ئويغۇرلارنىڭ، قازاقلارنىڭ ۋە خىتايلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنىڭ خىلاپلىق قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارشى تۇردۇق. مۇنداق ئەھۋالدا ئېغىز ئاچماي تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

نولزاس سۇلېيمېنوۋنىڭ: «بىز شەمەي يادرو پولىگونىنى يېپىپ، باشقىمۇ پولىگونلارنى يېپىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ مەنىۋىي ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇق»، — دېگەن پىكرىگە تولۇق قوشۇلىمەن.

بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ: «بىز ھوقۇقىلا ئەمەس، بەلكى بۇنى قىلىش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە!»، — دېگەن سوزلەرنى قوشۇمچە قىلىمەن.

بىزگە يات پاتلا: پولىگوننى يېپىپ، بىز ئوز بىخەتەرلىكىمىزنى تاجىرلاشتۇرۇۋاتىمىزمۇ؟ — دېگەن سوئالنى بېرىدۇ. بىز بىر تەرەپلىمىلىك قەدەم تاشلىدۇق، ئەندى غەرىپ بولسا يادرو قۇرالنى ئېچىپلا سىناق قىلىۋاتىدۇ... بەلكىم غەرىپتە بىرەر پولىگوننى يېپىقچە بىر كۈتۈپ تۇرىمىزمۇ؟ بىز ئالدىراپ كەتمىدۇقمۇ؟ لېكىن غەرىپنىڭ ھەربىي سانائەت كومپلېكسى بىلەن شەرقنىڭ ھەربىي سا-

ئانەت كومپلېكسى ـ بۇ قورش گېزەك
بالا ئېكەنلىگى ئاللىقاچان چۈشىنىش-
لىك بولغان ئېدىغۇ. بىز ئوزىمىزنىڭ
پولىگونلىرىنى، ھەتتا بىر تەرەپلىمە-
لىك تەرتىپتە يېپىشقا باشلىغان چېغى-
مىزدا، غەرىپ خەلقلىرى بىزنى دۈش-
مەن دەپ قاراشتىن قالىدۇ ۋە ھەق-
قى دۈشمەن- بۇ يادرو كنوپكىلىرى
ئالدىدا ئولتارغانلار، يادرو قۇراللىنى
ئىشلەپ چىقىرىش ۋە تارقىتىش ئوز
لىرىگە پايدىلىق بولغانلار ئېكەنلىگى-
نى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. لېكىن بۇ
يەردە ۋەزىيەت شۇ ئەرسە بىلەن
پرىنسىپال مۇرەككەپلەشكەنلىكى، ياد
رو قۇراللىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا تا-
مامەن يۇخرالار كەسپىدىكى مىللىون-
لىغان ئادەملەر ئىشتىراك قىلىدۇ. ھەر
بىر ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ۋۇقۇزى
تېخنولوگىيەلىرىنىڭ ماھىيىتى ئەي-
نە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئەندى بۇ ئا
دەملەر بولسا ئوزلىرىنىڭ ھايات دە-
رىجىسىنى موشۇ ئىشلەپ چىقىرىشتا
بەنت بولۇشى بىلەن تەسىلەيدۇ ۋە
ئۇلار خەلقنىڭ خېلە كوپ قىسمىنى
تەشكىل قىلىدۇ. ئەيىۇسكى، غەرىپ
خەلقلىرىنىڭ يادرو قۇرالغا قارشى
سۇس ئاكتىۋلىغى ئەينە شۇنىڭ بى-
لەن بەلگۈلىنىدۇ. لېكىن داۋاملىق ئول
بەختىنى باشقىلارنىڭ بەختسىزلىگى-
گە قۇرۇشقا بولمايدۇ.

قايغۇ- ھەسرەت ئادەملەرنى بىر
لەشتۈرىدۇ ۋە ئۇ ھىسسىياتلارنىڭ ھەد
دىدىن تاشقىرى بولۇشى بىلەن ئاما-
يەن بولىدۇ. مەزكۇر كونفېرېنسىيە-
دىمۇ شۇنداق بولدى. بىزنىڭ دە-
لەپكى چارە- تەدبىرلىرىمىز بۇنىڭ-
دىنمۇ چوڭ دەرىجىدە ھاياجانلىق بو ا
ھان ئېدى. لېكىن ھازىر بىزنىڭ ھە-
رىكىتىمىز بۇ باسقۇچتىن ئوتۇپ كەت
تى. بىز ھەر خىل مىللەتلەردىكى مۇتە-
خەسسىسلەرنى، ئالىملارنى جەلىپ قى
لىش بىلەن جىددىي ئىشلەش تەلەپ
قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. بىز-
نىڭ «يەرنىڭ ۋە ئىنسانىنىڭ تىكلىنى-
شى دېگەن» ئالتېرناتىۋ پروگراممى-
مىز ئەينە شۇنىڭ بىلەن باغلىقتۇر.
بىز يادرو سىناقلىرىدىن ئازاپ چەك-
كەنلەرنىڭ كۈرەش مىسالى بىلەنلا ئە
مەس، بەلكى زىيانغا ئۇچرىغان رې-
گىونلارنى ئەكىسىگە كەلتۈرۈش بو-
يىچە بەرپاكارلىق ئەمگەك قىلىش مى-
سالى بىلەنمۇ دۇنيا خەلقلىرىگە تە-
سىر يەتكۈزۈشنى خالايمىز. بۇنىڭغا
بىز ئوز يۇخرالىرىمىزنىلا ئەمەس،
بەلكى ھەر خىل مەملىكەتلەردىكى
دوستلىرىمىزنىمۇ چاقىرىمىز. چۈنكى
ھازىر ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلاد
لار ئالدىدىكى گۇناسىنى يوقىتىش بو
يىچە ئىنتايىن چوڭ، مىقياسلىق بىر-
لەشكەن ھالدا ئەمگەك قىلىش كېرەك.

بىز ئەمەلىيەتتە يېڭى ئاڭ- سېزىمە-
نى ۋە يېڭى ئارماقلارنى شەكىللەن-
دۈرۈشكە ئىنتىلىۋاتىمىز، شۇنىڭ ئۈ-
چۈن پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
قا مەخسەتچانلىق ھالدا كىرىشتۇق.
جۈملىدىن، «رادىئاتسىيە. ئېكولوگىيە.
سالامەتلىك» كومىتېتىدا شەھەرلىرى-
مىزنىڭ ھاۋاسىنى تازىلاش بويىچە -
«تازا ھاۋا» لايىھىسىنى تۈزۈش ئىش
لىرى كېتىپ بارىدۇ. ئوتكەن ھەپتىدە
«رادىئاتسىيە. ئېكولوگىيە. سالامەت-
لىك» دېگەن پۈتكۈل قازاقستان ئىل-
مىي- ئەمەلىي كونفېرېنسىيەسى بو-
لۇپ ئوتتى. مۇنداق كونفېرېنسىيە-
لەر باشقا كومىتېتلار تەرىپىدىنمۇ
ئوتكۈزۈلىدۇ. بىز ئىش ئۈچۈن، يە

رلى ۋە ئىنسانلى ئىكلەش ئۈچۈن ئۇ
لارنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك چارە ـ
تەدبىرلەر بولالىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.



## قازاقىستان گىدرومېتېو- رولوگىيە دولەت كومىتېتىنىڭ لابوراتورىيە باشلىقى - ل.پېتىنسكايانىڭ سۆزى

دولەت گىدرو مېتېورولوگىيە ستانسىيە-
لىرى ۋە لابوراتورىيەلىرى ھوزۇرىدا تەبىي
مۇھىتنىڭ رادىئوئاكتىۋ ماددىلار بىلەن پاس-
كىنلىشىشىنى نازارەت قىلىش دولەت سىس-
تېمىسى ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىدى. قازاقىستان
جۇمھۇرىيىتىدە رادىو مېتېرىكىلىق تارماق
30 يىلدىن بۇيان ئۈزۈلمەي ئىشلەپ
كېلىۋاتىدۇ. قازاقىستان گىدرو مېتېورولوگىيە
ستانسىيەسىدە توپلانغان مەلۇماتلار خىتايدا
ئېلىپ بېرىلغان يادرو قوراللىنىڭ پارتلاش ئا
قىۋەتلىرى توغرىلىق تەخبارات بېرىشكە ئىم
كانىيەت بېرىدۇ.

خىتاي شىنجاڭدىكى «لوپنۇر» پولىگو-
نىدا 1964- يىلى 16- ئوكتەبر كۈنى
دەسلەپكى قېتىم يادرو قورالى پارتلىتىلدى.
ئۇ 5 كىلوتوننىدىن تۆۋەن قۇۋۋەتلىك يادرو
بومبىسى ئىدى. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي بۇ
پارتلاشنىڭ پارچىلىنىش ماددىلىرى پارتلاش
بولۇپ ئىككىنچى كۈنىلا ئۇست- كامېنو
گورسك شەھرىدە بايقالدى، بۇ ئاتموس-
فېرىنىڭ يەرگە يېقىن قاتلىمىدا رادىئوئاكتىۋ
لىق يېغىنلارنىڭ 5 ھەسسە كۆپىيىشكە ئې-
لىپ كەلدى.

18- 22- ئوكتەبر كۈنلىرى رادىئوئاكتىۋ
يېغىنلارنىڭ كولەمى: خاباروۋسكىيدا مۇر
كىسىغا 88م كيۇرى كم2، ۋلادى ۋوستوكتا-
73، پېتروپاۋلوسك-كامچاتسكىدا- 426نى
تەشكىل قىلدى. «لوپنۇر» پولىگونىدىكى
سىناق مەيدانىدىكى بۇ پارتلاشتىن ئىلگىرى
رادىئوئاكتىۋ يېغىنلىرىنىڭ كولەمى مۇتىكس
ئا م كيۇرى كم2نىڭ ئوندىن بىر قىسمى دە-
رىجىسىدە بولغان ئىدى.

لابوراتورىيە تەكشۈرۈشلىرى ھاۋادا
ئىسېرىي -141، رۇتېنىي- 103، ئىسېركون-
نىي -95 رادىو نۇكلىدلىرىنىڭ بارلىقىنى
ئېنىقلىدى، ئۇلار 1963- يىلى باھار پەس-
لىدىن ئاتموسفېرىدا يادرو قوراللىنى پارت-
لاش توختىتىلغاندىن كېيىن بايقالمىغان ئې-
دى.

1965- يىلى 14- ماي كۈنى سىناق قى-
لىنغان ئىككىنچى پارتلاشنىڭ قۇۋۋىتى
20 كىلوتوننىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. را-
دىئوئاكتىۋ بۇلۇتنىڭ سىلجىش يولى بېرىن-
چىسىگە قارىغاندا باشقىچە بولدى، لېكىن
ئاقىۋەتلىرى ئوخشاش بولدى. پارتلاشتىن
كېيىن ئىككى ئاي داۋامىدا ھاۋادا رادىو
نۇكلىدلارنىڭ كەسكىن كۆپەيگەنلىكى بايقى-
لىپ تۇردى.

1966- يىلى 9- مايدا، 27- ئوكتەبىر-
دە، 27- دېكابىردا يادرو قورالى سىناق قى-
لىندى. مايدا ۋە ئوكتەبىردە قىلىنغان پارت-

---

لاشلار 20 كىلوتوننىغا يېقىن قۇۋۋەتكە ئىگە
بولغان ۋە 1964- 1965- يىللاردىكى پارت-
لاشلارغا ئوخشاش بولغان ئىدى. ئەلدى ھې-
ساپ بويىچە 5- دېكابىردا قىلىنغان پارتلاش
تەخمىنەن 300 كىلوتوننا قۇۋۋەتكە ئىگە بو-
لۇپ، ئۇ ھاۋانى خېلە كوپ پاسكىنلاشتۇرۇۋېتىش-
قا ئېلىپ كەلدى، چۈنكى ئۇ ئاۋالقىلارغا
قارىغاندا قۇۋۋەتلىك بولغان ۋە خېلە يۇقۇ-
رى ئېگىزلىكتە سىناق قىلىنغان ئىدى.

1967- يىلى 17- ئىيۇندا ۋە 24-دېكابىر-
دا يادرو قورالى پارتلىتىلدى. بەزىبىر مەلۇ-
ماتلارغا قارىغاندا 17- ئىيۇندىكى پارتلاش
خخجدا قىلىنغان دەسلەپكى تېرمو يادرو
پارتلىشى بولغان. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 2-3 مې-
گاتوننا مىقداردا باھالانماقتا. پارچىلىنىش
مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك سترا-
توسفېرا بوشلۇقىغا تاشلىنىپ، ئۇ يەردىن
رادىئو ئوكلىدلار 3-4 ئايدىن كېيىن پەيدىن
-پەي يەر ئۇستى ئاتموسفېرىسىغا تارقىلىش-
قا باشلىدى. سترونتسىي- 90نىڭ ئاتموس-
فېرىغا تارقىلىشى 0،7 مكيۇرىنى تەشكىل
قىلدى. 1967- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسېزىي
-137 ۋە ئىسىركونىي- 95نىڭ ھازىرقى
ئەركىۋى 100 پروتسېنت، ئەلدى ئىسىرىي-
144نىڭ 20 پروتسېنت كوپەيدى. دېكابىر-
دىكى پارتلاش قۇۋۋىتى 20كىلوتوننا ئەترا-
پىدا بولۇپ، 2 ھەپتىدىن كېيىن يەر ئەترا-
پىدىكى ئاتموسفېرىدا بارىي- 140، يود-
131، رۇتىنىي- 103 بارلىقى بايقالدى.

1968- يىلى 28- دېكابىر كۈنى 2-3
مېگاتوننا قۇۋۋەتكە ئىگە ئىككىنچى تېرمو-
يادرو قورالى پارتلىتىلدى، ئۇ ستراتوس-
فېرىغا 0،115 مكيۇرى سترونتسىي-90نى
ۋە 44مكيۇرى ئىسىركونىي- 95نى تاشلى-
دى. ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى 1969- يىلى يىل
بويى رادىئوئاكتىۋ پاسكىنلىشىشتا بايقىلىپ
تۇردى.

ئىسېزىي-127 ئەركىۋى 1969- يىلنىڭ
بىرىنچى يېرىمىدا ئاتموسفېرىدا ئومۇمىي
مىقداردىن 80 پروتسېنتقا يېقىننى تەشكىل
قىلدى.

1969- يىلى 29- سېنتەبىر كۈنى تېرمو
يادرو قورالى ئوۋەتتىكى قېتىم پارتلىتىل-
دى، نەتىجىدە ئاتموسفېرىغا 0،15 مكيۇرى
سترونتسىي- 90 ۋە 28،8 مكيۇرى ئىسىركو-
نىي- 95 تاشلاندى.

1970- يىلى 14- ئوكتەبىر كۈنى يەنە
بىر تېرمويادرو قورالى پارتلاندى، ئۇنىڭ
ئاقىۋىتىمۇ ئاتموسفېرىنى جىددىي ئىپلاسلاش-
تۇرۇشقا ئېلىپ كەلدى.

1971- يىلى 18-نويابىر كۈنى ئەڭ قۇۋ-
ۋەتلىك يادرو قورالى پارتلىتىلدى، ئۇ ھا-
ۋانىڭ قىسقا مۇددەتلىك رادىئوئاكتىۋ ماد-
دىلار بىلەن پاسكىنلىشىشىغا ئېلىپ كەلدى.

1968- 1971- يىللاردىكى پارتلاشلار
شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىكى، 1972- يىلى ئو-
چۇق ھاۋادا تاشقى گامما- نۇرلىنىشىنىڭ
دوزىسى ھاۋاغا تاشلانغان ئىسېزىي- 117،
4،8 ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

1972- يىلى 8- يانۋاردا قۇۋۋىتى 20
كىلوتوننىغا يېقىن ۋە 18- مارتتا قۇۋۋىتى
200 كىلوتوننا ئەتراپىدا يادرو قوراللىرى
پارتلىتىلدى. بۇ ھەر ئىككى پارتلاش ئانچە
چوڭ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئۇلار
ئورغۇن رادىئو ئوكلىدلار يېغىنلىرىنى تارقات-
مىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت قىسقا مۇد-
دەت ياشايدىغان رادىئو ئوكلىدلارنىڭ توپ-
لىنىش دەرىجىسىگە خېلە تەسىر يەتكۈزدى،
خالاس.

1973- يىلى 27- ئىيۇن كۈنى 3 مېگا-
توننا قۇۋۋەتكە ئىگە تېرمو يادرو قورالى
پارتلىتىلدى ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەتتا 1974

-يىلى ماي-ئىيۇن ئايلىرىدا بەزىبىر رادىئو نۇكلىدلارنىڭ ھاۋادا تولىنىشى 100-120 ھەسسە ئۇسۇپ كەتكەنلىكى بايقالدى.

1974- يىلى 17- ئىيۇندا تېرمو يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىش 1975- يىلى ھاۋانىڭ رادىئو نۇكلىدلار بىلەن پاسكىنىلىشىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئىلگەركى پارتلاش بىلەن ئوخشاش بولدى.

1976- يىلى «لوبنۇر» پولىگونىدا يادرو قۇرالى بىر نەچچە قېتىم سىناق قىلىندى: 23- يانۋار كۈنى (يەر ئاستىدا)، 26- سېنتەبىر كۈنى (20 كىلوتوننا قۇۋۋەتكە ئېگە)، 17- ئوكتەبىر كۈنى (يەر ئاستىدا)، 17- نويابىر كۈنى- تېرمو يادرو قۇرالى (4 مېگا توننا قۇۋۋەتكە ئېگە) پارتلاشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ بىر تۈركۈم پارتلاشلار نەتىجىسىدە يەر ئۈستىدىكى ئاتموسفېرا يادرو نۇكلىدلار بىلەن جىددىي پاسكىنىلاشتى.

1978- يىلى 15- مارتتا، 14- ئوكتەبىردە ۋە 14- دېكابىردا يادرو قۇرالى سىناق قىلىندى. 14- ئوكتەبىردە يادرو قۇرالى يەر ئاستىدا پارتلىتىلدى. 15- مارت بىلەن 14- دېكابىردا- ئەڭ چوڭ قۇۋۋەتكە ئېگە يادرو قۇراللىرى پارتلىتىلدى. بۇ پارتلاشلار ئاقىۋىتىدە ھاۋانىڭ ھەر خىل رادىئو نۇكلىدلار بىلەن ئىپلاسلىنىش دەرىجىسى جىددىي ئۇسۇپ كەتتى.

1980- يىلى 16- ئوكتەبىر كۈنى قۇۋۋىتى 1 مېگا تونىغا يېقىن يادرو قۇرالى پارتلىتىلدى. بۇ «لوبنۇر» پولىگونىدا قىلىنغان ئاخىرقى پارتلاش بولۇپ، ئۇ رادىئوئاكتىپ ماددىلار بىلەن پاسكىنىلىشىشقا جىددىي تەسىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى 1986- يىلى مايغىچە ئۆز تەسىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرغان ئىدى.

كوپ يىللىق بايقاش ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىش شۇنى كورسەتتىكى، يادرو پارتلاشلىرىنىڭ پارچىلىنىش ماددىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي يۆنىلىشتە سىلجىپ پارتلاش بولۇپ 2-4 كۈندىن كېيىن ئىراق شەرىق تەۋەسىدىكى ھاۋا بوشلۇقىنى پاسكىنىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رادىئوئاكتىپ بۇلۇتلىرى يەر شارىنى ئايلىنىپ ئوتۇپ ياۋروپا، ئوتتۇرا ئازىيە ۋە قازاقىستان تەۋەلىرى ئۈستىدىن ئوتىدۇ. كۆپىنچە رادىئوئاكتىپ بۇلۇتلىرى بىر نەچچە قىسىملارغا پارچىلىنىدۇ، ئۇلار ھەر خىل تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ.

يادرو قۇرالىنىڭ قۇۋۋىتى قانداق بولۇشىدىن ۋە رادىئو نۇكلىد بۇلۇتلىرى قانداق تەۋەلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئوتىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ چوقۇم تەبىي مۇھىتنى رادىئو ئاكتىپ ماددىلار بىلەن ئىپلاسلاشتۇرۇشقا، دېمەك ئاھالىنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنسان سالامەتلىكىگە، ئۇنىڭ ھاياتىغا قىلىنىۋاتقان مۇنداق رەزىللىك قەبىھ ھەرىكەتلەرگە خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئەلدى بۇ سىناقلارنىڭ زەرەرلىك ئاقىۋىتى ئۇيغۇر زېمىنى ئاھالىسىغا قانچىلىك دېسىگىرچۇ؟ ئۇ يەرنىڭ خەلقى بۇنى بىلمەيدۇ؟!



خەلق ئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىمام

## ئابدۇرازاق تۇردىنىڭ سۆزى

مېھرىۋان ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ
نامى بىلەن باشلايمەن. ئاللا ئىگەم ئا
دەم زاتىنى ياراتقاندىن كېيىن ئۇنى
كىشىلىك دۇنياسىنىڭ سۇلتانى قىلىپ
بەلگىلىدى. ئىنسانلارنى مەنپىيەت
جەھەتتە تەڭ دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن-
مۇ ئىنسانىيەت قايسى جايدا ياشى-
مىسۇن ۋە قانداق مىللەتكە مەن-
سۇپ بولمىسۇن ۋە قانداق رەڭدە
ۋە ئاز ياكى كۆپ ساندا بولۇشىدىن
قەتئىي نەزەر ئۇلار ئاللانىڭ ئالدىدا
تەڭدۇر ۋە بىر- بىرسىگە يات بول-
ماستىن قېرىنداشتۇر.

ئۇنداق بولسا بەزى ئادەملەرنىڭ
ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىنسان پەر-
زەنتىنى تەڭ كۆرمەستىن، كۈچ كۆر-
ستىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىنسانىي
ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلماسلىقى، بەزى
مىللەتلەرنى خورلىشى ۋە ئۇلارنىڭ
دۆلەتچىلىكىنى تەن ئالماسلىقى بەل-
كىم ئۇلارنىڭ ئومۇم مەنپىيەتلىرىگە
تەجاۋۇز قىلىشى ئاللانىڭ ئالدىدا چوڭ
گۇنادۇر. بۇ- زامانىمىزنىڭ روھىغا
ۋە ئەدەپ ئەخلاقىمىزغا توغرا كەلمەي-
دۇ.

ئىنسانىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈ-
چۈن ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ئەپسىنى ئاتا
قىلدى. ئەپس دېگىنىمىز ئىنسانىڭ
ھايات كەچۈرۈشى ۋە نەسل قالدۇ-
رۇشقا لايىقلاشتۇرۇلغان تىرىكچىلىك
تەلەپلىرىدۇر.

مانا شۇ تىرىكچىلىك تەلەپلىرى ئا
قازازاسىدىن ئاللا تائالا ئىنسانغا تىرىك
چىلىك بىلىمىنى ئاتا قىلدى. ئىنساندا
مېھىر- مۇھەببەت، ئەقىل-ئىزاكاۋەت،
قەھىر -غەزەپ ۋە زۇلۇمغا نەپرەت.
ئۇخشاش سېزىملار بىلەن ئادەمگە
خاس ئىجتىمائىي ۋە تەبىي بىلىملار
شەكىللەندى ۋە ئىنسانلار ئۆزى يا-
شىغان زېمىننىڭ جۇغراپىيەلىك ئالا-
ھىدىلىكلىرىگە خاس مىللەتلەرگە بۆ-
لۈندى. لېكىن بەزىدە شۇ مىللەتلەر
ئەپسىنىڭ ئۆز مىقدارىدىكى ئۆلچەم-
لىرىدىن چىقىپ كېتىش ھادىسىلىرى
يۈز بەردى. شەخسىي ۋە مىللىي باي-
لىققا كۆپرەك ئىگە بولۇش تەقازا-
سىدا، ئىنسابىنى، ھۆرمەتنى، ئادالەت-
نى ئۇنتۇپ، بىر- بىرسىگە تەجاۋۇز
قىلدى. كۈچلۈكلەر ئاجىز مىللەتلەرنى
بېقىندۇردى، ئىنسان ھوقۇقلىرىنى پاي-
مال قىلدى ۋە ئاللانىڭ ئىرادىسىگە
قارشىلىق قىلدى. قانلىق ئۇرۇشلار
چوڭ ئىمپېرىيەلەر، جاھاننى ئۆزىگە
بېقىندۇرغۇسى كەلگەن جاھانگىرلىك-
لەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئازىيە
ۋە ياۋروپادىكى روسسىيە ۋە خىتاي
ئىمپېرىيەلىرى نەق شۇلار جۈملىسى-
دىندۇر. بۇ كۈچلەر ھېچكىمدىن سو-
راپ ئولتۇرماستىن، ئۆز ئارا تىل بى-
رىكتۈرۈپ ھىيلىگەرلىك ۋە كۈچ ئىش-
لىتىش ئارقىلىق بىز تۈركىي مىل-
لەتلەرنىڭ بىر قانچە دۆلەتچىلىكىنى
يوق قىلدى، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن
ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆز مەنپىيەت-
لىرى ئۈچۈن پايدىلاندى

بۇ ئىشلارنىڭ كېيىنكى داۋامى
ناھايىتى ئەشەددىيلەشتى. ئىنسانىيەت
كوممۇنىستىك ۋە كاپىتالىستىك بو-
لۇپ ئىككى سىستېمىغا بۆلۈندى.

بىر -بىرىگە قارشى ئىككى سىس-
تېما ئۆز مەنپىيەتلىرىنىڭ غەلىبە قى-
لىشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە
ئىشنى قىلدى. ئىنسانىيەتكە ئومۇم-
يۈزلۈك قىرغىن كەلتۈرىدىغان ئاكتىپ-

رىيەلىك، خىمىيەلىك قۇراللاردىن ئاش-
قىرى دۇنيانى پۈتۈنلەي يوق قىلالاي-
دىغان ئاتوم، ۋودورود ئوخشاش قۇ-
راللار بىلەن قۇراللىنىپ، دەھشەتلىك
كۈچلەر بىلەن بىر-بىرىگە ئاقابىل تۇ-
رۇپ كەلدى. شۇڭداق قىلىپ، مارك-
سىزم-لېنىنىزم تەلىماتى ئىنسانلارغا
ھېچ قانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمە-
دى، ئەكسىنچە ئالدىدى. بۇ تەلىمات-
نىڭ سەۋەبىدىن دۇنيادا چېرنوبىل،
ئارال، شەمەي، نېۋادا ۋە لوبنۇر
ئوخشاش ئىنسانىيەت پاجەسىگە دۇ-
چار بولدۇق.

ئاللاغا شۈكرى، قايتا قۇرۇش سى-
ياسىتىنىڭ شارائىتىدىن ھەممە ئىشنىڭ
ئالدى ئېلىندى. مىللەتلەر ئۆز دۆلەت
چىلىكىدە ئىستىقلالىيەت ئالدى.

قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇل-
تان نازاربايېۋنىڭ كۆرسەتكەن ئە-
قىل- ئىدرىكى ۋە قازاق خەلقىنىڭ
مۇنەۋۋەر پەرزەندى ئولژاس سۇلېي-
مېنوۋنىڭ غەيرەت - شىجائىت-
ى ئارقىسىدا ۋە قازاق خەلقى-
نىڭ شۇڭداقلا دۇنيا تىنچلىق پەرۋەر-
دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ قوشقان چوڭ
ھەسسىلىرى ئارقىلىق شەمەيدىكى ئۆ-
لۈم پولىگونى يېپىلدى. بىراق ئىنسا-
نىيەتكە زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ
كېلىدىغانلار ھېلىمۇ مەۋجۇتتۇر. ئۇ-
نىڭ بىرى ھازىرقى خىتاي سوتسىيال
جاھانگىرلىكىدۇر.

سابىق كېگەش ئىتتىپاقى ۋە ئۇ-
نىڭ رەھبىرى ستالىن، خىتاي كوممۇ-
نىستلىرى ۋە ئۇنىڭ قانخور يېتەك-
چىسى ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ،
ھىيلىگەرلىك بىلەن قانۇنسىز تۇختام
تۈزۈپ قىرىق توققۇزىنچى يىلى شەر
قىي تۈركىستان ئۇيغۇر مۇستەقىل
جۇمھۇرىيىتىنى يوق قىلدى ۋە ئۇنىڭ
رەھبەرلىرىنى قەتل قىلدى.

خىتايلار شۇ كۈندىن باشلاپ شەر
قىي تۈركىستاندا نىمە قىلىشنى خا-
لىغان بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى قىل-
دى.

ئاخىرقى بىرلا مىسال، خىتاينىڭ
«پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتى شەر-
قىي تۈركىستاندىكى - مۇسۇلمانلارنى
پەرزەنت كۆرۈش خۇشاللىقىدىن ئاي-
رىپ، مىللەتنىڭ ئۆسۈشىنى توختىتىش
تەك دەھشەتلىك ئاقىۋەتكە ئېلىپ كەل
مەكتە. بۇ چارىلەرنى ۋۇرگۈزۈشتىن
ئەسلى مەخسەت مۇسۇلمانلارنى،
جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىنى كا-
مايتىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ سانىنى
ئازايتىپ، شەرقىي تۈركىستان (ئۇي-
غۇرىستان) يېرىنى پەقەت خىتايلار
ئۈچۈن قالدۇرۇش سىياسىتىنى بار-
لىق كۈچى بىلەن ۋۇرگۈزمەكتە.

مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئوقۇش
قىمۇ، ئىشقىمۇ قوبۇل قىلىنماي كو-
چىلاردا بىكار ۋۇرۇپتۇ.

ھە، چۈنكى ھاكىمىيەت خىتاي تى-
لىدا سوزلەيدۇ، ئوقۇش خىتاي تىلى-
دا... مەدەنىيەت خىتاي تىلىدا..، ئە-
ڭچىدە ھەممە خىتاي تىلىدا سوزلى-
شىشكە مەجبۇر بولماقتا.

ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، ماناس، قو-
تۇبى، جىمسار، سانجى، قارىماي،
مايتاغ، شىخۇ، چۆچەك قاتارلىق شە-
ھەرلەردە (مەن ئوز كوزۇم بىلەن كو
رۇپ كەلدىم-ئاۋتور.) ئۇيغۇر، قا-
زاق ئائىلىلىرىدىمۇ خىتايچە سوزلى-
شىش ئادەتكە كىرگەن. بۇ پاجەنىڭ
-مىللىي يوقۇلۇشنىڭ دەھشەتلىك
بەلگۈسى ئەمەسمۇ؟!

يەنە بىر كورگىنىم شۇ بولدىكى،
ئادەملەر قايسى جايدا ئىشلىشىدىن

قەتئىي نەزەر، يەرلىك خەلقلەرنىڭ
هەر بىرىنىڭ قولغا بىر پارچىدىن قە
غەز تارقىتىلىپ ئۇنىڭغا «بولۇنۇپ
چىقمايمىز»، ئاگا مىللەتنى هۆرمەت
قىلىمىز، كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئىش
لىرىنى قارىلايمىز، دەپ يېزىشنى مەج
بۇر قىلغان. بۇنىڭدىن مەخسەت هەر
قانداق هەققانىي تەلەپلەرنى چەك
لەش، هەقىقەتنى ئېيتماسلىققا مەج
بۇرلاشتۇر. شۇنداقلا خەلق ئارادا
رېفېرېندۇم ئۆتكۈزۈپ قالسا، بۇ قە
غەزلەرنى دەلىل كەلتۈرۈش غەرىزى
بولسا كېرەك.

ئاتوم سىناقلىرىنىڭ تەسىرىدىن
ئەركەكلەرنىڭ ئەرلىك قابىلىيىتى ئا
جىزلاشقان، ئانىلار مەجرۇھ پەرزەنت
لەرنى تۇغماقتا، جىگەر قېتىش ۋە
هەر خىل خەتەرلىك ئىششىق ئاغرىق
لىرى كۆپەيمەكتە. يەر ئاستى ۋە
يەر ئۈستى بايلىقلىرىمىز بۇلانماقتا.

بىز بۇنداق قۇللۇق ۋە خورلۇق
قىسمىتىگە هەرگىزمۇ رازى بولالماي
مىز. بىز مۇهاجىرەتتىكى هەممە شەر
قىي تۈركىستان پەرزەنتلىرى ۋە ئۇي
غۇر ئولۇغماللىرى خىتاي كومپارتىيە
سىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قەتئىي نا
رازىلىق بىلدۈرىمىز. چۈنكى ۋەتەن
نى سۆيۈش، ئۇنىڭ يولىدا كۆرەش
قىلىش ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ
نىڭ قىسمىتىگە پەرۋاسىز قاراش گۇ
نايى ئەزىمدۇر.

بىز ئۇرۇشنى ۋە ئېررورىزمنى
ئەسلا خالىمايمىز هەم نىيەتمۇ قىلماي
مىز. بىز هەققانىيەت بىلەن تېچلىق
ۋە تولۇق ئىستىقلالىيەت تەلەپ قى
لىمىز. بىزگە هېچ قانداق ئاتوم پو
لىگونلىرىنىڭ ۋە ئاتوم قۇراللىرىنىڭ
كېرىگى يوق. بىز ئۆز مېھنىتىمىز بى
لەن تېچىقتا هايات سۈرۈشنى خا
لايمىز. بىز خەلق ئازادلىقى دۆلەت
لەردىن، بارلىق دېموكراتىك، تېچلىق
پەرۋەر هەممە كۈچلەرگە مۇراجىئەت
قىلىمىز ۋە ئۇلاردىن هىمايە سوراي
مىز.



ئۆزبېكىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ
ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ
رەئىسى، فىزىكا-ماتېماتىكا
پەنلىرىنىڭ نامزىتى-
ئا. باراتوفنىڭ سۆزى.

لوبنۇر پولىگونىنىڭ سىناق مەي
دانىنىڭ مۇئەممالىرى بويىچە ئېچىل
غان مەزكۇر كونفېرېنسىيە ئىنتايىن
چوڭ ئەهمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ
كونفېرېنسىيەدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسى
لىلەر هەر بىر شەخسكە، ئۇنىڭ تۇر
مۇش شارائىتىغا، كېلەچىكىگە تۇغرى
دىن- تۇغرا تېگىشلىك بولغان مەسى
لىلەردۇر. ھۆرمەتلىك ئولاراس ئومار
ئوغلى سۇلېيمېنوۋ ناهايىتى هەق گەپ
نى ئېيتتى، يەنى: «ئېكولوگىيەلىك،

ئەتراپ مۇھىتنى زەھەرلىنىشتىن ساق
لاش ۋە ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش
بىرەر مەملىكەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىچكى
ئىشىغا ئارىلىشىش دەپ قارىلىشى
مۇتلەق توغرا ئەمەس. چۈنكى زەھەر
لىنىش مەنبەسى قەيەردە جايلىشىش-
تىن قەتئىي نەزەر، پۈتۈن مۇھىت،
ئەتراپ زەھەرلىنىدۇ. رادىئاتسىيە
چېگرا تاللىمايدۇ. مىللەت ئايرىماي-
دۇ. ئۇز يولىدا دۇچ كەلگەن ھەممە
نەرسىنى زەھەرلەپ كېتىۋېرىدۇ ۋە
ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا ۋە ساغلام بالا
تۇغۇپ ئوستۇرۇشىگە زەرەر يەتكۈ-
زىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەتراپ
مۇھىت تازىلىقىنى ساقلاش، ئۇنىڭ زە
ھەرلىنىشىگە ۋە ئىنسان ھوقۇقىنىڭ
دەپسەندە قىلىنىشىغا يول قويماس-
لىق، پەقەتلا ھەر بىر ئىنساننىڭ مۇ-
قەددەس بۇرچى بولۇپلا قالماي، بەل
كى كېلەچەك ئەۋلات ئالدىدىكى بىر-
دىن -بىر قەرزى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. گەپنىڭ ئوچۇقى ئۇزۇن زىللىق
سىياسىي مۇستەملىكىچىلىك نەتىجىسى-
دە بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئازىيە خەلق-
لىرىنىڭ ئاڭ- سېزىمى زەھەرلەنگەن
ئىدى. بىر- بىرىمىزگە بىپەرۋالىق
بىلەن قارىشى، كېرەك بولسا چىن دوس-
تلۇق شارى ئابتىدا قەستەنلىك ئىش
لىرىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول
قويغان ئەھۋاللار بولدى. بىرىمىزنىڭ
پاجەسى ئىككىنچىمىزنى قايغۇردۇر-
ماتتى. ھەر كىم ئوزى بىلەن ئوزى
بولۇپ قالغاندى. مانا، خۇداغا شۇك-
رى، خەلقىمىزگە ئوزىنى ئوزى تو-
نۇش، ئوزلىكىنى بىلىش، ئوز قەد-
رى- قىممىتىنى تىكلەش ئىمكانىيەت-
لىرى يارىتىلدى. مانا شۇ ئىمكانىيەت-
لەردىن تولۇق ۋە جىددىي پايدىلىنىش
مىز لازىم. بۇ قازاقنىڭ، ئوزبەكنىڭ
ياكى قىرغىزنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ دېگەن
بولگۈنچىلىك سىياسەتتىن ئىلاجى با-
رىچە يىراق تۇتۇلۇش كېرەك. بار-
لىق كۈچ- غەيرەتنى خەلقلىرىمىز-
نىڭ بىر ئاتىنىڭ باللىرى ئىكەنلىك-
نى، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تۇ-
مۇشى بىر بولغانلىقى، كېلەچىكىمۇ
شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈ-
رۈشكە سەپەرۋەر قىلىشىمىز كېرەك.
پۈتۈن بىر تۈرك ئېلىنىڭ پەرزەنتلى-
رى سۈپىتىدە بىر- بىرىمىزگە يېقىن-
دىن ياردەم بېرىپ، بىر- بىرىمىزنى
قوللاپ- قۇۋۋەتلەيدىغان بولۇشىمىز
لازىم. مانا شۇ ۋاقىتتى نەزەردىن
قارىغاندا لوبنۇر ئاتوم پولىگونىنىڭ
ئىش ھەرىكىتىنى توختىتىش
نى ھەممىمىز قەتئىيلىك
بىلەن تەلەپ قىلىشىمىز ۋە بۇ تەلەپ
نى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە كۈرەشنى
پەيدىن- پەي كۈچەيتۈرۈشىمىز كې-
رەك. چۈنكى لوبنۇر پولىگونىنىڭ ئا
توم سىناقلىرىنىڭ تەسىرى پەقەت
ئۇيغۇرستان تەۋەسىنىلا زەھەرلەپ
قويماي، بۇ ئولكە بىلەن چېگرىداش
بولغان بارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر-
نى، شۇ جۈملىدىن قازاقستان، قىر-
غىزستان، ئوزبەكستان، تاجىكستان،
موڭغۇلىستان ۋە يەنىمۇ باشقا كۆپ-
لىگەن مەملىكەتلەرنىڭ ئەتراپ مۇ-
ھىتلىرى زەھەرلىنىدۇ. ھەتتا ياپون-
يە، كورىيە، ئامېرىكا، كانادا مەمل-
كەتلىرىمۇ لوبنۇردىن بولىدىغان را-
دىئاتسىيە تەسىرىدىن تەشۋىشلىنىۋات-
قانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بولۇپمۇ بىز
نى تەشۋىشلەندۈرۈپ ۋە غەزەپلەن-
دۈرۈۋاتقان مەسىلە -خىتاي ھاكىمى-
يەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە خىتاي ھەربىي
-سانائەت كومپلېكسىنىڭ ئوز خەلق

نى، بولۇپمۇ ئۆز مۇستەملىكىسى بول-
غان ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ ئىنسان
ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشىدۇر.
لوبنۇر ئاتوم پولىگونىنىڭ ئىش ھە-
رىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان
رادىئاكتىپ زەھەرلىك ماددىلاردىن ساق-
لىنىش توغرىلىق ئۇيغۇرستان خەلق-
لىرى ئارىسىدا ھېچ قانداق تەشۋىقات
ئېلىپ بېرىلمايۋاتقانلىقى، كېرەك بول-
سا ئۇلارنى ئاتوم رادىئاتسىيەسىنىڭ
ئادەم ئورگانىزمىغا قانچىلىك تەسىر
قىلىشىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ
بېرىلمايۋاتقانلىقى نەتىجىدە يەرلىك
خەلقلەر ئارىسىدا ھەر خىل كېسەل-
لىكلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ كەتكەن-
لىكى، ئادەمنى دەھشەتلىك ھەسرەتكە
سالىدۇ. بولۇپمۇ راك ئاغرىقىنىڭ ھەد-
دىدىن تاشقىرى كۆپەيگەنلىكى، تۇغۇل-
غان مەجرۇھ بالىلارنىڭ سانىنىڭ ئۆ-
سۈشى ۋە ئاقىۋەتتە نەسلىنىڭ بۇزۇ-
لۇشىغا ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەھۋال
ناھايىتى تېزلىك بىلەن ھەل قىلىنمىسا
ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە يېقىن يىل-
لاردا يوق بولۇپ كېتىشىمىز ئېنىق-
تۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۆۋەندىكى-
لەرنى تەكلىپ قىلىمەن.

1. «نېۋادا - سەمەي» ئاتوم قورال-
لىرىغا قارشى خەلق ئارا كومىتېتى «نې-
ۋادا - سەمەي - لوبنۇر» كومىتېتى
دەپ ئۆزگەرتىلسە ۋە شۇنىڭ بىلەن
ھارماي - تالماي ئىنسان ھوقۇقىنىڭ
دەپسەندە قىلىنىشىغا قارشى قەتئىي
كۈرەش ئېلىپ كېتىپ بارغان ئاتاق-
لىق شائىر، قازاق پەرزەندى ئولژاس
ئومار ئوغلى سۇلېيمېنوۋ باشچىلىقىغا
لوبنۇر ئاتوم پولىگونىنىڭ ئىش پائا-
لىيىتىنى توختىتىش ھەرىكىتى كۈچەي-
تۈرۈلسە.

2. بۇ كۆلكى كۆلدە لوبنۇر ئەت-
راپىنىڭ قانچىلىك زەھەرلىنىپ كەت-
كەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار
يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ب.م.ت.نىڭ خە-
لق ئارا مۇستەقىل ۋە ئىناۋەتلىك
چوڭ بىر كومىسسىيەسى تەشكىل قىلىن-
سا ۋە بۇ كومىسسىيە تەركىبىگە ئە-
لۋەتتە، ئۇيغۇر ۋەكىللىرىمۇ قوشۇل-
سا.

3. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھازىر
لوبنۇر ئاتوم پولىگونى ۋاقىتىنچە ئىش-
لىمەيۋاتقان ئىمىش. يەنى بۇ يەر-
نىڭ ئەتراپى شۇنچىلىك زەھەرلىنىپ
كەتكەنلىكى، كېرەك بولسا خىتاي ھا-
كىمىيىتى بۇ يەرگە ئىش ئېلىپ بې-
رىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىش.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىتاي ھاكىمىيەت
ئورۇنلىرىدىن لوبنۇر ئەتراپىنى ئېكو-
لوگىيەلىك ھالاكەتكە ئۇچرىغان زونا
دەپ ئېلان قىلىنىشىنى ۋە ھازىرنىڭ
ئۆزىدىلا بۇ زونىدا زەھەرسىزلەندۈ-
رۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى تە-
لەپ قىلىش كېرەك. ئەتراپ مۇھىت-
نىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئازاپ چېكىۋاتقان
ئاھالىغا تىببىي خىزمەت كۆرسىتىش،
ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى
ياخشىلاش ئۈچۈن ياردەم پۇلى بې-
رىشنى تەلەپ قىلىش لازىم.

4. مۇشۇ يىلىنىڭ ئىچىدە لوبنۇر
ئاتوم پولىگونىنىڭ ئىشىنى توختىتىش
بويىچە يەنە بىر چوڭ دائىرىدە خە-
لق ئارا كونفېرېنسىيە چاقىرىش،
بەلكى ئۇنى تاشكەنتتە ياكى بىشكەك-
تە ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.



## خەلق ئارالشەرقى تۈركستان كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دوختور ن. ئەصبرى سوزى

ھەممىگىلارغا مەلۇم لوبنۇر سىناق مەيدانى -ئويغۇرستانغا جايلاش-
قان بولۇپ، 1963- ژىلدىن بېرى
ۋوجۇت.

بەزى بەرخەلق ئارا ئەخبارات
ئورۇنلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا،
بۇ سىناق مەيدانى قۇرۇلغاندىن تار-
تىپ 29 ژىل جەريانىدا 22 قېتىم
يەر ئۈستى، 11 قېتىم يەر ئاستى
يادرو سىناقلىرى ئوتكۇزۇلگەن. گەر-
چە مەن بۇ ساھادا ئىشلىگۈچى مۇتە-
خەسسىس بولمىساممۇ، كېسەل داۋا-
لىغۇچى تىببىي خادىم سۈپىتىدە ئۆ-
زەمنىڭ ئۇزۇن ژىللىق تەجرىبە پائا-
لىيىتىمدە يېتەرلىك دەرىجىدە رادىئاك-
سىيە تۈپەيلى ئابۇت بولغان شەمەي،
چېرنوبىللاردا كېسەللىكە گىرىپتار بول-
غان بېمارلارنى كورگەنمەن ۋە ئۇلار-
نى داۋالىغانمەن. بۇلارغا قاراپ ئو-
زىمىزنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتىنىڭ ئىس-
تىقبالى ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلاتلى-
رىمىزنىڭ سالامەتلىكىنى ئويلاش ۋە
تەسەۋۋۇر قىلىش بەكمۇ دەھشەتلىك
ئۆر.

1961- ژىلى مەن ئائىلەم بىلەن
باشقا يۇرتداشلىرىمغا ئوخشاش خى-
تاي ھوقۇق دائىرىلىرىنىڭ چىداپ تۇر
غۇسىز روھىي، ماددىي ۋە مەنىۋىي
بېسىمى ۋە مىللەتنى يوق قىلىش سە
ياسىتى تۈپەيلى ئوز ئانا ۋەتىنىمنى
تاشلاپ ياقا يۇرتقا كېتىشكە مەجبۇر
بولدۇم.

مەن پەقەت 30 ژىلغا يېقىن جۇ-
دالىقتىن كېيىن يەنى 1988- ژىلى
يۇرتۇمنى زىيارەت قىلىشقا مۇيەس-
سەر بولدۇم. 1950- 1960- ژىلل-
رى تېخى خىتايلار يۇرتىمىزغا يې-
ڭىدىن كېلىشكەن ئىدى. قارا شەھەر،
كورلا قاتارلىق شەھەرلەر بولسا، جەن-
نەت كەبى گوزەل، پاكىز، ساپ ھا-
ۋالىق، ھەقىقىي مەنادا ھەر خىل ئو-
چار - قانات، جان- جانىۋارلارنىڭ
بازارى ئىدى، دېسەم مۇبالىغە بول-
ماس. بۇ ھەقىقەتنى تارىخ ۋە سە-
ياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇغان
ھەر قانداق كىتاپخان تەستىقلەيدۇ،
ئەلۋەتتە. ئەينە شۇ ژۇقۇرىدا نامى
ئاتالغان لوبنۇرغا يېقىن ۋىلايەتلەر
ئادايىتى ئۇرغۇن غاز، ئودەك، تۇرنا،
كەپتەر قاتارلىق ھەر خىل قۇشلار-
نىڭ ماكانى ئىدى. مەن بۇلارنى ئوز
كوزۇم بىلەن كورگەنمەن! ئەندى
بۇ قېتىم مەن ئۇرۇمچىدىن چىقىپ
قەشقەرگە بارغىچە يولدا ئاران ئىك-
كى -ئۈچ تال قۇشقاچ كوردۇم، خا-
لاس. بۇ ھەقىقەتەنمۇ پاجىە! بۇ دەھ

شەتتنى كورۇپ ئۆزەمنىڭ بالىلىق ۋا
قىتلىرىمدىكىگە سېلىشتۇرۇپ كور-
سەم، موشۇ 30 ژىل جەريانىدا ۋەتە-
نىمىنىڭ تەبىي شارائىتى، ئۆسۈملۈك
ۋە ھايۋانات دۇنياسى ۋە بارلىق
جان- جانىۋارلارنىڭ ياشاش شارائى-
تى ئىقلىمنىڭ قانچىلىك بۇزۇلغانلىغى-
نى كورۇش تەس ئەمەس. ئەينە ئە
شۇلارنى كورۇپ، مېنىڭ ئاھلىرىم،
دەرت، پىغانىم، ئەلەم، قايغۇ- ھەس-
رەتلىرىم ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى،
ژۇرەك- باغرىم سىقىلدى. بۇ بولسى-
مۇ مېنىڭ جاپاكەش خەلقىمنىڭ بې-
شىغا چۈشكەن ھەسرەت- نادامەتلى-
رىنى سوزلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن...

ئۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر،
كوپچىلىگىنىڭ تۇرمۇش- شارائىتى-
نىڭ ئېغىرلىغىنى كورۇپ ئېچىمۇ پۇر
چۇلدۇم. مېنىڭ خەلقىم بۇلارنى ئاز
دەپ يادرو سىناقلىرىنىڭ قۇرۇۋانى بو
لۇۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇلار قۇرۇۋان بو-
لۇشنىڭ بۇ سېرىدىن خەۋەرسىز ياشا
ۋاتقاندەك.

ئەگەر بىز بۇ دەھشەتنى يوقاتمى-
ساق، ھازىرقى ئەۋلات كېلەچەككە پە
قەت قان ئىزىنى قالدۇرىدۇ، خالاس.
بۇلارنى سىلەر خىروسىما، ناگاساكى،
شەمەي، نېۋادا، چېرنوبىل پاجەلى-
رىدىن ياخشى بىلىسلەر. لوبنۇرمۇ
خۇددى ئەينە شۇنداق.

يەنە بىر مىسال، ئۇيغۇرستاننىڭ
كورلا ۋىلايىتىدىن پۈتكۈل دۇنياغا
داڭلىق ئەشپۈت يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۆز
ۋاقتىدا ئۇرغۇنلىغان چەت ئەللىكلەر-
نىڭ بۇ مېۋىنىڭ كوچىتىنى ھەتتا ئۇ
رۇغىنى ئېلىپ كەتكەنلىگىنى ئۆز كو-
زۈم بىلەن كورگەنمەن. ھەقىقەتەنمۇ
كورلا ئەشپۈتى ئۆزىنىڭ سۈپ- سۈ-
زۈك، شېرىن، تاتلىق، چۈس ھەم سۈ-
لۇق ئەشپۈت سۈپىتىدە ھەممىنى ئو
زىگە جەلىپ قىلىدىغان مېۋە ئېدى.
ھېچ كىمگە سىر ئەمەس، يۇرتىمىزنىڭ
ئەنجۈر، ئانار، ئالما، ئورۇكلىرىمۇ
دۇنياغا داڭلىق. ئەندى بۇ قېتىم مەن
كورلا ئەشپۈتىنى تونالماي قالدىم.
لوبنۇردىكى يادرو سىناقلىرى دەستى-
دىن ئادەم-ئىقلىم بىر ياقتا تۇرسۇن،
ھەتتا مېۋىلەرمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ.
ھازىر كورلىدىكى ئەشپۈتلەر كىچىك-
كىچىك، قىڭغىر-سىڭغىر، قۇرۇماق،
تېرىسى قېلىن ۋە بۇرۇنقىدەك شېرىن
ئەمەس. مەلۇم بولدىكى بۇ ئەشپۈت-
لەرنى ھوكۈمەت چەت ئەلگە ساتقان
ئېكەن، ئۇلار تەكشۈرۈپ كورۇپ،
تەركىۋىدە رادىئوئاكتىۋ ماددىسى تې-
پىلغانلىقتىن قايتۇرۇۋەتكەن ئېكەن.
يەرلىك ھوكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇيال-
ماستىن بۇ ئەشپۈتلەرنى ئىچكى بازار
دا سېتىشقا بۇيرۇپتۇ. مېنىڭ بىچارە
ساددە خەلقىم قانداق قىلسۇن؟.. بۇ
مىسالدىن كورۇۋېلىش تەس ئەمەس-
كى، ھازىرقى ئۇيغۇرستاندا! ياشا-
ۋاتقان خىتاي كەلگۈنلىرى ۋە ئۇلار-
نىڭ غوجا ئەمەلدارلىرى ئوز خەل-
قى ئۈچۈن قانداق كويىنىدۇ؟!

ۋۇقۇرقىلارنى ئاز دەپ خەلقىمىز
يەنە ئاتوم بومبىسىنىڭ زەھرىدىن
ئازاپ چەكمەكتە. خىتاي ھوكۈمران
دائىرىلىرى ھازىر جۇڭگودا پەقەت
بىرلا مىللەت، يەنى جۇڭخۇا مىللىتى
باردەك جولىمەكتە، بۇ سوز جۇڭگو
دا ياشاۋاتقان 50 نەچچە مىللەتنىڭ
ئورتاق نامى ئېمىش. 1985- ژىلى
شاڭخەيدە ئەشىر قىلىنغان قىسقىچە
ئىجتىمائىي پەللەر لۇغىتىدە ئۇنىڭ
مۇئەللىملىرى خىتايدىكى50نەچچە مىل
لەتنى تەڭگە سېلىپ ئېيمىز قىلىپ
ژۇغۇرۇپ، بىر جۇڭخۇا مىللىتى قى-

لارمىش. بۇ چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك كۆرۈنۈشىدۇر.

ھازىر ئۇيغۇرىستاندا پۈتكۈل يۇرتىمىزنى بويلاپ خەلق گاداي، ئاچ، ئىشسىز، ئەتراپ- مۇھىت پاسكىنا- بولارنىڭ ھەممىسى تۇبېركۇليوز، ئىنف، راك، جىگەر كېسەللىكى، ئاق كېسەل، روھىي كېسەللەر، چېكەرمەلىك، چالا تۇغۇلغان ۋە ئاكا تۇغۇلغان بالىلار ئوخشاش ئىنتايىن كۆپ ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئەلۋەتتە، بۇ قىسقا ماقالە بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى- ئاپەتلەرنى يېزىپ تۈگىتىش ئوڭاي ئەمەس. شۇنىڭدەك بۇ يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئاھ- زارى ئەمەس، بۇ سىناق مەيدان پۈتكۈل خىتاي خەلقىگە، خوشنا قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە باھالاپ ئۈگەتكۈسىز ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان مەسىلىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل جاھان ئەھلى لوپنۇر سىناق مەيدانى ھەققىدە ئوچۇق ھەقىقەتنى بىلىش كېرەك، خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەخپىي قىلىپ ئالغان بارلىق ستاتىستىكا سانلار- يەنى ئادەملەرنىڭ كېسەل بولۇش، ئۆلۈش ۋە رادىئواكتىپ كېسەللەرنىڭ ئەھۋالى پۈتۈن دۇنياغا تولۇق مەلۇم قىلىنىشى كېرەك.

## خىتاينىڭ لوپنۇر پالىگونىنى ياپقۇزايلى!



## خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دوختۇر ئابدۇلبارى مۇخلىسى سۆزى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ (ئۇيغۇرىستاننىڭ) لوپنۇر تەۋەسىدە ماۋجۇلار تەرىپىدىن ئۆزۈلگەن ئاتوم بومبا سىناقلىرىدىن پەيدا بولغان رادىئاتسىيە زەھىرى بۇ دۇنيانىڭ تەبىئىتىنى، تەبىئەت موجىزىلىرىنى ۋە ھايۋاناتلىرىنى زەھەرلىدى. ئانا تەبىئەتنىڭ تەبىئىلىكى بۇزۇلۇپ، كېسەل تەبىئەت پەيدا قىلىندى. تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيەلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ گۇۋاھلىق قىلىشىچە 1963- يىلى بىرىنچى ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىنغاندا؛ بىر نەچچە كۈن ئاسماننى قاپ- قارا تۈتەك قاپلاپ، كۈن نۇرىنى كۆرەلمىگەن. ئاسماندىن توپا- قۇم يېغىپ، ئادەملەرنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، توختىماي يۆتەلگەن. بۇ كېسەل ئالامىتى ئايلاپ داۋاملاشقان...

1986- يىلقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەلۇماتىدا (خىتاي ژۇرنالىستى يازغان رادىئو ئوچېركى «كۈن نۇرىدا پاقىرىغان باغراش» دېمۇ

تەستىقلىگەن) باغراش كۆلىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان يۇقۇرى سۈپەتلىك بېلىقلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكى، بوش ئورنىنى ئىچكىرى خىتايدىن بېلىق ئۇرۇغىنى ئېلىپ كېلىپ بېلىق ئۆستۈرۈش بىلەن تولۇقلاش ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدىن باغراش كۆلى ئەتراپىدىكى قومۇشلۇقتا ياشايدىغان يازايى ئۆدەك سانىنىڭ مۇتلەق ئازىيىپ، ھەر يىلى يىغىلىپ ئىچكى خىتايغا ئەۋەتىدىغان 1 مىللىون دانە يازايى ئۆدەك تۇخۇمىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىككە ئەپسۇسلەنگەن. مەلۇماتتا تۇخۇم سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە ئېچىنغان، لېكىن يادرو سىناقلىرى نەتىجىسىدە تەبىئەتنىڭ زەھەرلىنىشى، ئادەملەر ھاياتىغا بولغان تەھدىتى ھەققىدە يۇمغان ئاغزىنى ئاچمىغان.

مەيلى دىنىي ئېتىقاتىمىزدىن، مەيلى ئىلمىي ئاساستىن قارىغاندا ئىنسان تەبىئەتمىزدىن يارالغان، تەبىئەت ئىنساننىڭ ھايات مەنبەسىدۇر. شۇڭلاشقا تەبىئەتتىكى ھەر قانداق ئۆزگىرىش ئىنسانغا دەرھال بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت كېسەل تەبىئەتىمىزدىن يېتىلىپ چىققان ئوزۇقلۇقلارنىڭ كېسەل بولۇشى، ئاتموسفېرا، سۇ مەنبەلىرىنىڭ زەھەرلىنىشى، ئاتوم- يادرو سىناقلىرىدىن پەيدا بولغان رادىئاتسىيەنىڭ ئادەملەرگە بىۋاستە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، بولۇپمۇ لوبنۇر ئەتراپىدىكى ئاھالى ساقايماس ھەر خىل كېسەللەرگە ئۇچراپ، ئۇلاردا ئۆلۈم ھادىسىلىرى كۆپەيدى.

ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان تىببىي ژۇرنالنىڭ يېزىشىچە 70- يىللارغىچە ھەر 10،000 ئادەمدىن بىر ئادەم جىگەر ئاغرىقى بىلەن ئاغرىغان، 70- يىللاردىن كېيىن ئۇ 7 پىرسەنتنى ئىگەللىگەن. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى باللار ۋە ياشلار تەشكىل قىلىدۇ. ئىنساندىكى قان تەييارلايدىغان قىزىل يىلىكنىڭ رادىئاتسىيە زەھەرلىنىشىدىن ئابۇت بولۇپ، قىزىل قان ئىشلەش جەريانىنىڭ ئازىيىشى نەتىجىسىدە، باللار، ياشلار ئاق قان كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلگۈچىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن.

ئۇيغۇرىستاندا (شەرقىي تۈركىستاندا) ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان دەلىل شۇكى، ئاھالى ئارىسىدا 10 يىل مابەينىدە جىگەر گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ رادىئاتسىيە زەھەرلىنىشىدىن ئابۇت بولۇشى ياكى قاننىڭ يېرىپ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، جىگەرنىڭ سىڭىپ جىددىي كىچىكلەش كېسەللىكى پەيدا بولۇپ، بىر نەچچە سوتكا ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن.

ئاق كېسەل. بۇ كېسەل تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان كېسەللىك بولۇپ، ھەممە ئادەم كۆرۈش ئىمكانىيىتى يوق ئېدى. (بۇ كېسەل توغرىلىق كۆپ كىشىلەر چۆچەكلەردىن ئاڭلاپ مەلۇمات ئالاتتى) لوبنۇردا ئاتوم يادرو سىناقلىرى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن رادىئاتسىيە زەھەرلىنىشىگە ئۇچرىغان تېنىنىڭ پىگمېنت ياساش ھۈجەيرىلىرى ئابۇت بولۇپ، ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانى ناچارلىشىشى، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدا ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئازىيىپ، پاسسىپلىقى ئېشىشىغا ئوخشاش سەۋەبلەر نەتىجىسىدە، ئاق كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار سانى كۆپەيدى. سۆزىمىز قۇرۇق بولماسلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىككى تەتقىقات ماتېرىيالىدىكى بەزى رەقەملەرگە مۇراجەت قىلايلى.

ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى توپلاملىرىدا (1983- يىل، 95- بەت) قەشقەر تەۋەسىدە ئاھالى ئىچىدە ئاق كېسەلنىڭ تارقىلىشى ھەققىدىكى دوكلاتتا تەكشۈرۈلگەن 5097 ئادەمنىڭ 48،33 پىرسەنتى (2548 نەپەر)

ئاق قان كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ژۇرنالىدا (1987-ژىلى 9-بەت)، «580 نەپەر ئاق كېسەلنىڭ كلىنىكىلىق تەھلىلى» دېگەن ماقالىدا ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى 5 ژىلدا (1983-1988) 580 نەپەر ئاق كېسەلنى قوبۇل قىلىپ، داۋالاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ژۈرگۈزگەن. ئۇمۇمىي 580 نەپەر كېسەلنىڭ 394 ئۇيغۇر بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ژۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن كېسەللىك رەقەملىرىنى تولۇق مەلۇمات دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ رەقەملەر بىر شەھەرنىڭ يەكشۈرۈش ياكى داۋالاش خۇلاسىسى.

ئەگەر بىز داۋالاش ھەققىدە گەپ قىلىدىغان بولساق داۋالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي زورگەن خەلقلەرنىڭ سانىنى ئەججەبە ھەسسە كوپ ئىكەنلىكىنى ئەكتىلىشىمىز كېرەك.

ئازلىق ھەققىدە. ئېيتىشقا توغرا كەلسە، يەرلىك خەلقلەر تىببىي ئەلۇڭگە مۇۋاپىق ئازلىق شەرت-شارائىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان. بىر مىسال. كېيىنكى كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاندا نەشر قىلىنغان سىياسىي، ئەدەبىي-ئىجتىمائىي ئەسەرلەردە «قۇرۇتلۇق كۆل» مەسىلىسى كۆتۈرۈلمەكتە. يېزىلاردا كۈندىلىك ئىچىدىغان سۇلارنى 1-ياكى 2-ئايدا بىر قېتىم كۆلچەكلەرگە توشتۇرۇپ قويۇدىغانلىقى، بۇ سۇلار ياز كۈنلىرى ئىسسىقتا قۇرۇتلاپ كېتىپ ئاھالى قۇرۇتنى سۈزۈۋېتىپ ئىچىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. مانا بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلق ھەر ژىلى خولېرا، تۇتقۇر ئاشقازان-ئۈچەي، جىگەر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈم ھادىسىلىرى كۆپەيگەن...

ختاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن يەرلىك خەلقلەرنىڭ نوپۇسىغا جىددىي تەسىر قىلىدىغان سىياسىي

مەركەزلىرىگە قوشۇمچە «پىلانلىق تۇغۇش» دېگەن سىياسىتىنى ژۈرگۈزدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كاتىپلىرى باشچىلىق قىلغان ئىدارىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇغۇت چەكلەش ئىشلىرىنى قاتتىق نازارەتكە ئېلىشتى.

1992-ژىلى 2-مارتتا «ئۈرۈمچى كەچلىك» گېزىتىدىكى مەلۇماتتا 16 ۋىلايەت ۋە ئوبلاستى مەركەزلىرىدە قۇرۇلغان «پىلانلىق تۇغۇش» ئىدارىلىرىدىن باشقا يېزىلاردا 376، كەنتلەردە 1066 پىلانلىق تۇغۇش شۆبىلىرى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

ئۇلارنىڭ قەبىھ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار تىببىي ئىلمىنى پايدىلاندى. ھەر تۈرلۈك سىياسىي قىستام، ھىلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، خىرۇرگىيەلىك ئۇسۇللار بىلەن ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۇرۇق يوللىرىنى (كانالارنى) باغلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى...

1989-ژىلى ئاۋغۇستتا تىببىي ئىلمىنىڭ پروفېسسورى ماگاتوۋەندىكى بىر فاكتىنى ئېيتقان ئىدى. قاراقاش ۋە قاغىلىق ناھىيەلىرىدە 4 ژىل ئىچىدە 60 مىڭ ياش ئايالنىڭ تروبكىسىنى باغلىغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئاياللارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك روھىي ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغان...

شۇنىڭدەك بۇ رايوندا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈش ياكى يارىلىشىنى توسۇش خۇدا ئالدىدىكى كەچۈرمەس جىنايەت دەپ تونۇيدۇ. داۋاملىق روھىي ئازابلىنىدۇ. مانا بۇلار روھىي ۋە باشقا ئەسەب كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك.

يەنە بىر فاكت. غۇلجا شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە ئىككى بالا ئاكا بولۇپ تۇغۇلدۇ. بۇ پاجىئە

نىڭ ئەلەملىك دەرتلىرىنى ئارتتۇرغان ئاتا-
ئانا 3- بالىنى كۆرۈشكە قارار قىلدۇ. ئۇ-
لارغا خۇدا ساغلام بالا ئاتا قىلدۇ. بۇ خىتاي-
لارنىڭ پىلانلىق تۇغۇش سىياسىتىگە قارشى-
لىق قىلغانلىق دەپ ئەيىپلىنىپ، بالىنى تې-
زىمغا ئېلىشتىن باش تارتىشى بىلەن 2400
يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
شەرقى تۈركىستاندىكى خىتايلار «پىلانلىق
تۇغۇش» چەكلىمىسىگە ئۇچرىدىمۇ؟ دېگەن
سوراق تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ۋە-
تەنداشلىرىمىز گۇۋاھلىق قىلىدىغان بىر ھەقى-
قەت شۇكى، شەرقى تۈركىستانغا ئېقىپ چە-
قىۋاتقان مىللىونلىغان خىتايلار «ئۇز ئىخ-
تىيارى» بىلەن چىققان، ئۇلار «قارا نو-
پۇس» دېگەنگە ئوخشاش باھانە بىلەن ھۆ-
كۈمەت نازارەت قىلىشقا ئالمىغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار «پىلانلىق تۇغۇش» چەكلىمى-
سىگە ئۇچرىمىغان.

شۇنى ئەكىتلەپ ئوتۇشىمىز لازىمكى،
1963- يىلدىن تا ھازىرغىچە ئاتوم يادرو
سىناقلىرىنىڭ نەتىجىسىدە شەرقى تۈركىس-
تاندا مەۋجۇت قىلىنغان پاجىئەلىك زەردابلى-
رىنى خەلق يەنە نەچچە ئون يىل تارتىشى
چوقۇم.



## خەلقئارا شەرقى تۈركىستان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى دوختۇر شامىل ئالماسبېكوف سۆزى

تەكلىماكان بەزى ئادەملەر ئويلى-
غاندەك ھېچ قانداق گىيا ئۆسمەيدى-
غان، چۆل- جەزىرە ئەمەس. چۆل-
نىڭ ئۆزىنىڭ شىمالدىن يەركەنت، قەش-
قەر، مۇزات، كونچى دەريالىرىنىڭ
قوشۇلىشىدىن تەشكىل تاپقان 2750
كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارىم دەريا-
سى يېقىن ئۆتسە، جەنۇبىدىن كونىب-
لۇننىڭ مۇزلۇق، قارلىق چوققىلى-
رىدىن ئېقىپ چىقىدىغان قاراقاش،
يۇرۇڭقاش، چەرچەن ۋە باشقا دەريا-
لار سۇلىرى ئېقىپ كېلىپ، تەكلىما-
كاننىڭ بەزى جايلىرىغا سىڭىپ كې-
تىپ، ئىككىنچى بىر جايدىن يەنە چە-
قىپ ئۇزۇن ئېقىپ داۋاملىشىدۇرۇپ،
لوبنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈنمۇ تەكلىماكان چۆلى ئىچىدە بۇ

## مەلۇمات

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى
1992- يىل 21- مايدا لوبنۇر
پالىگونىدا دۇنيادىكى ھېچ بىر ئا-
تۇم دۆلەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇر-
مىغان ئەڭ كۈچلۈك - يەنى 1000
كىلوتوننىلىق ۋودورود بومبىسىنى
سىناپ، شەرقى تۈركىستان
تەبىئىتىگە غايەت ئېغىر تەھلىكە
كەلتۈردى.

دەريالار ئېقىپ بويلاپ ناھايىتى كۆپ سۈلۈك، سازلىق، بوستانلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا قولايلىق مۇنبەت يەرلەر كۆپ.

قەدىمدە تەكلىماكان چۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا خوتەن، قاراقاش، لىيە، يوتقان (يۇرتخان)، قارا دۆڭ، دەلدەزلىك، مىران، لوپ، كېرىيە، چەرچەن، چاقىلىق ئوخشاش ئونلاپ ئاۋات گۈللەنگەن شەھەرلەر بولغانلىقىدىن بۇ جايلار تەكلىماكان (تەكتىماكان) دەپ ئاتالغاندۇر.

لوبنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 4-6 مىڭ يىللار مۇقەددەم ھاۋاسى مۆتىدىل، سۈيى مول، بولغانلىقىدىن تارىم دەرياسى بىلەن چەرچەن دەرياسى ئېقىپ كېلىپ لوبنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان يېشىل بەلباغ دېلتىسىدا قەدىمدە، يەنى ئېرامىزنىڭ 1-4-ئەسىرلىرىدە ئۇيغۇرستاندا (شەرقىي تۈركىستاندا) ئەڭ چوڭ ۋە كۈچلۈك كرورايىنى دۆلىتى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جايلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىدى. ئېرامىزنىڭ 4-ئەسىرلىرىدىن كېيىن بۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن كېيىن دەريالارنىڭ سۈيى ئازىيىپ، تېرىلغۇ مەيدانلىرى شورلىشىپ، توقايزارلىقلار قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.

لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، 13-ئەسىرلەردە ئۇيغۇرىستان (شەرقىي تۈركىستان) ئارقىلىق قۇبىلاي خان ئوردىسىغا بارغان ئىتالىيەلىك سەياھ ماركوپولو: «لوپ چوڭ شەھەر، خانبالىققا بېرىشىمدىن ئاۋال، بۇ جايدا بىر ئاي تۇرۇپ دەم ئېلىپ، سەپەرىيالىق قىلىپ، ئوزۇق-تۈلۈك جەملىدىم»، دەپ يازغان.

1420-يىلى خوراسان ۋە ماۋارەئۇننەھر پادىشاھى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇخنىڭ خىتايغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى تۇرپان، قۇمۇل ئارقىلىق جابالىققا بېرىپ قايتىشىدا لوپ شەھىرىدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە تارىخچى ئابدۇرازاق سەمەرقەندىي ئۆزىنىڭ «مەتلەئى سەئدەين ۋە مەجمەئى باھرەين» (ئىككى سائادەتلىك يۇلتۇزنىڭ چىقىشى ۋە ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلۇش جايى) دەپ يازغان ئىدى.

1877-يىلى ۋە 1885-يىلى لوبنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىككى قېتىم سەياھەت قىلغان رۇس سەياھەتچىسى ۋە ئالىمى ن. پرژېۋالىسكىي ئۆزىنىڭ «ئوت كياختى نا ئىستوكى ژېلتوي رېكى» ناملىق ئەسەرىدە لوپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا 274 ئائىلىدە 2000غا يېقىن ئادەم ياشىغانلىقى ھەققىدە يازىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ قىيىنچىلىقىغا قارىماي، يېشى 70-90دىن ئاشقان كىشىلەر كۆپ دەپ يازغان ئىدى.

پرژېۋالىسكىي ئەينە شۇ سەياھەتلىرىدە لوبنور ئەتراپىدا كىچىك تۈردىكى غاجىلغۇچى ھايۋانلاردىن باشقا، بۆرە، تۈلكە، ياۋايى موشۇكنىڭ ئىككى تۈرى، توشقان، ياۋايى توڭگۇز، ياۋايى بۆكە، يولۋاس، ماراللارغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ 19 تۈر-

نى، بىلىقلارنىڭ 13 تۈرى، جان- جا
نىۋار قۇشلارنىڭ 134 تۈرىنى ئۇچ-
راتقاللىقى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي توخ
تىلىپ ئوتىدۇ.

لۇبنۇر كولى ئەتراپىدا ئـودەك،
غازلار توپى پۈتۈن كۈن بويى ئۇ-
چۇپ، ژۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى توپ-
لىرى ئاسمانغا كوتىرىلگەندە بۇلۇتقا
ئوخشاپ كېتىدۇ. لوبنۇرغا ئون مىڭ،
يۈز مىڭ ئەمەس، مىللىونلاپ قۇش-
لار ئۇچۇپ كېلىدۇ.

مانا بۇ ژۇقۇرىدا! كەلتۈرۈلگەن
فاكتلار بۇنىڭدىن يۈز ژىل مۇقەددەم
لوبنۇر كولى ۋە ئۇنىڭ ئەترابى نا-
دەملەر، تۈرلۈك ياۋايى هايۋانلار ۋە
جان- جانىۋارلار، قۇشلار ياشايدى-
غان تەبەتنىڭ سېخىي ۋە تەبىي قۇ-
رۇقخانىسى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
رىمۇفتە ئۇيغۇرستان خەلقى
باسقۇنچى خىتايلارنىڭ ئالۋاڭ- يا-
ساق زۇلمىغا قارشى تۈرلۈك كۆ-
رەشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ،
لېكىن خەلقىنىڭ ئوزىگە بولغان، ئارا-
زىلىق ھەرىكەتلىرىنى خىتايلار رەھىم
سىزلەرچە باستۇرغاللىقىدىن ئاھايىتى
كوپ يەرلىك خەلق تەكلىماكان چو
لىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
بوستانلىق جايلاردا. پانا ئېپىپ، ئۇ
يەرلەرنى ئوزىگە ماكان قىلىپ ياشى-
غان ئېدى.

تەخمىنەن بۇندىن 3 ژىل ئاۋال
خىتاي گېئولوگلىرى تەكلىماكان چولە
دە تەبىي بايلىقلارنى كورۈپ ژۈر-
گەندە، ئەينە شۇنداق ئادەملەر ياشاي
دىغان بىر مەلۇملگاه ئۇچرىغان. خى-
تاي مەتبۇئاتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە:

ئۇلار تەخمىنەن 200-300 ئادەمنى
تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئوزلىرى ياشاپ تۇرغان جايىدىن باش-
قا تاشقى دۇنيا بىلەن ھېچ قانداق
ئالاقىسى بولمىغان. يېمەك- ئىچمەك-
تىن ئارتىپ كىيىم كېچەككىچە ئوزى-
نى- ئوزى تەمىنلەيدىغان ئاتۇرال
(تەبىي) ئىگىلىك بىلەن شۇغۇل-
لانغان.

1963- ژىلى 14- ئوكتەبىردە
خىتاي شەرقىي تۈركستانىڭ تەڭ
قېدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بە
رى بولغان لوبنۇر كولى ئەترابىدا
«خىتاي موگۇسى» دەپ ئاتالغان بى-
رىنچى ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىش
سىناق ئوتكۈزۈشى بىلەن بۇ جاي خى-
تاينىڭ مەركىزىي ئازىيەدىكى ئاتوم-
يادرو قۇراللىرىنى سىناق قىلىش بو
لىگونىغا (مەيدانىغا) ئايلاندى.

ئاتوم بومبىسى- ئاتوم يادروسى
پارچىلانغاندا پەيدا بولىدىغان ئېنېر-
گىيەدىن ھەربىي مەقسەتلەر ئۈچۈن
پايدىلىنىشقا قارىتىلغان قىرغىنچىلىق
قورۇش قۇرالىدۇر.

تۈركىيەلىك تەتقىقاتچى خىزىر-
بىك غەيرەت ئوغلىنىڭ مەلۇماتىغا
قارىغاندا «لوبنۇر» پولىگونى مو-
جۇت بولغان 30 ژىلدىن بېرى خىتاي-
لار ئوچۇق هاۋادا 22 ۋە يەر ئاس-
تىدا 11 قېتىم يادرو سىناقلىرىنى
ئوتكۈزۈش جەريانىدا 210 مىڭ ئا-
دەم هالاك بولغان بولۇپ، 100 مىڭ-
لىغان ئۇيغۇر، خىتاي، قازاق، قىرغىز
ۋە باشقا خەلقلەر رادىئاتسىيەلىك
ئاقىۋەتتە تۈرلۈك- تۈمەن ئاغرىقلار-
غا دۇچار بولغان. خىتاي يەنە 1990
ژىلى 28- مارتتا ئالمۇتىدىكى، خى-

لىق ئارا يادرو قوراللىرىغا قارشى
كونگرېسىنىڭ قارارلىرىغا زىت ھالدا
يەنە بىر قېتىم سىناق ئوتكۈزگەن.
لوبنۇر كولى ئەتراپىدا ئوچۇق ھاۋا
دا پارتلاتقان ئاتوم يادرو قوراللىرى-
دىن چىققان رادىئوئاكتىپ نۇر ۋە چاڭ
لاردىن پەقەت لوبنۇر ئەتراپى ۋە ئۇ
نىڭ ھايۋانات، ئوسۇملۇك دۇنياسى
زەھەرلىنىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن
ئۇيغۇرىستان ۋە خىتاي خەلقى زە-
ھەرلەنمەكتە. رادىئوئاكتىپ زەھەرلە-
نىش تىياتشان ئەتراپىدا بېقىۋاتقان
مال- چارۋىلارغا ۋە ئۇيغۇرىستان-
نىڭ قەدىمدىن داڭلىق بولغان قۇمۇل
قوغۇنى، تۇرپان كىشمىشى، كورلا
نەشپۈتى، قەشقەر ئانارىغا تەسىر
قىلغانلىقىدىن خەلق ئارادىكى ئاھايى-
تى ئۇلۇغ دولەتلەر، خىتاينىڭ ئېكس
پورت ئۇچۇن تەييارلاپ قويغان قوي
گوشلىرى، قۇمۇل قوغۇنى، تۇرپان
كىشمىشلىرىنى سېتىپ ئېلىشتىن باش
تارتماقتا.

ئۇيغۇرىستان- شەرقى تۈركس-
تان شەھەرلىرى ئاتوم ئۇرلىرى ۋە
چاڭلىرىنىڭ ئولتۇرۇشى نەتىجىسىدە
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىدىمدىن تارتىپ
ئېرىق- ئوستەڭ چېپىپ، سۇ چى-
قىرىپ باغۇ- بوستانغا ئايلاندۇرغان ما-
كان جايلىرى خانىۋەيران بولۇپ،
ئۇنىڭ باغلىرىدا قۇشلار، بۇلبۇللار
سايرىمايدىغان چول جەزىرىگە، گو-
رىستانلىققا ئايلانماقتا.

1989— 1990— ژىللىرى خوتەن
چەرچەن، چاقىلىق ئوخشاش شەھەر-
لەردە ئىنتايىن ئۇلۇغ ئادەملەر جى-
گەر قېتىش (سىررۇز پېچېنى) ئاغرى-
قى بىلەن ۋاپات بولدى. چۇنكى،
شۇ يەرنىڭ زەھەرلەنگەن سۈيىنى ئى-
چىپ، ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، ئۇ-
نىڭ مېۋە- چىۋىلىرىنى ئىستېمال
قىلغان ئۇيغۇرلار كوپ قىرىلىپ كەت-
كەنلىكىدىن بۇنى خىتايلار ھېچ ئەپ-
تارتماي «ۋېيۇر بىڭ» (ئۇيغۇر كې-
سەللىكى) دەپ ئۇزىنىڭ جىنايى قىل-
مىشلىرىنى يوشۇردى. يەنە پۈتۈن
گۇنانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوزىگە ئار-
تىپ قۇتۇلماقچى بولدى. بۇنداق
ئاغرىق پەقەت خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەت-
راپىدىكى رايونلاردا ئەمەس، بەلكى
پۈتۈن ئۇيغۇرىستاندا، شۇ جۇملىدىن
لوبنۇردىن بىر نەچچە يۇز كىلومېتر
ژىراقلىقتىكى ئۇرۇمچى شەھرىگىمۇ
تارقالغان. بۇلتۇغا بىز ئۇرۇمچىدىن
تەشكەنتكە ئۇچقان يوقلاش مۇناس-
ۋىتى بىلەن كېلىپ ئەينە شۇ «ۋېيۇر
بىڭ» بىلەن ئولگەن ئادەملەردىن ئو-
لاپ مىسال كەلتۇرۇشىمىز مۇمكىن.

ھازىر خىتاي ھوكۇمىتى ئۇيغۇرىس-
تان -شەرقى تۈركىستان ئانا تە-
بىتىگە ئوگەيلەرچە ياۋۇز ۋە ۋەھ-
شىلەرچە مۇناسىۋەت قىلىش نەتى-
جىسىدە بۇ قۇملۇقنىڭ دائىرىسى كۇن-
دىن- كۇنگە داۋاملىق كېڭىيىپ بار-
ماقتا.

1949— ژىلدىن كېيىن، دەپ ياز-
دۇ «شىنجاڭ يېرا ئېكىلىك كومىتېتى
تەييارلىغان «شىنجاڭ يەر ئاستى بايلى-
قى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» ناملىق
دوكلادىدا: تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى مىراندىن مارال بېشىغىچە بو-
لغان ئارىلىقتىكى ئەتىمىنەن 14 مىڭ
كۋادرات كىلومېتر يەرنى قۇم بېسىپ

كەتكەن. ھازىر ئۇيغۇرستاندا 48 ملليونغا يېقىن ئېرىلغۇ يەرلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن شورلىشىپ كەتكەن يەر 16 ملليون 700 مىڭ مو يەرنى تەشكىل قىلىدۇ.

تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا 1 ملليون 590 مىڭ مو يەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 2 ملليون 640 مىڭ مو يەر، قەشقەر ۋىلايىتىدە زەيلەشكەن ۋە شورلاشقان يەرلەر 6 ملليون 870 مىڭ مو يەر بولۇپ، بۇ يەرلەر ھېچ قانداق مەھسۇلات بەرمەيدىغان يەرلەرگە ئايلانغان.

يوپۇرغا ۋە پەيزىۋات ناھىيەسىدىن 100 مىڭ مو يەر تاشلىنىپ كەتكەن. يوپۇرغا ناھىيەسى 1950–1960– يىللىرى ئوزىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىن تاشقىرى باشقا جايلارغا ھەر يىلى 5–6 ملليون جىڭ ئاشلىق بېرەتتى. لېكىن 1970– يىللاردىن كېيىن بۇ يەرلەر مەھسۇلات بەرمەي قالغانلىقىدىن بۇ ناھىيەنىڭ «ئېرىم گۇڭشىسى»دىن 600 نەچچە ئائىلە (2700 ئادەم) باشقا جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. خوتەن ۋىلايىتىدە 2 ملليون 780 مىڭ مو ئېرىلغۇ يەرنىڭ، 520 مىڭ موسى شورلۇق، ئۈنۈمسىز جايلارغا ئايلانغان».

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرستان تەبىئىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيەسىگە بولغان مۇۋازالەت (تەكشۈگلۈق) بۇزۇلغانلىقىدىن، جانسىز، تىلسىز ۋە ئاڭسىز تەبىئەت ئويغۇنۇپ ئوزىگە نىسبەتەن شەپقەتسىزلەرچە ۋەھشىلىك قىلغان زالىم ھۆكۈمران خىتايلاردىن ئىنتىقام ئالماقتا.



## ئېكولوگىيە پەلىرسىنىڭ ئامىزاتى
## شائىر ئەھمەت ھەمراپوۋ سۆزى

مەلۇمكى، ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ سىۋىلىزاتسىيەلىك بىلەن دېموكراتىزملىقى ئۇلارنىڭ ئىنسان ۋە مىللەت ھوقۇقلىرىغا نىسبەتەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە سىنىلىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ مۇناسىۋەتتە ئىنسان ھوقۇقلىرى چېگارىغا ئىگە بولمىغان ئامىل سۈپىتىدە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولماقتا. ئەپسۇسكى، دۇنيانىڭ بىر قاتار مەملىكەتلىرىدە ۋە شۇ جۈملىدىن، خخجدا ئادەم ۋە مىللەتلەر ھوقۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىش چېگارىسىز بولماقتا. بولۇپمۇ بۇ ھازىرقى خىتاينىڭ مىللىي ئۇلكىلىرىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە ياققال نامايەن بولماقتا.

مەزكۇر كونفېرېنسىيەنىڭ ئىشى ئۇيغۇرستان بىلەن باغلىق بولغانلىقتىن، بىز ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئىنسان ۋە مىللەت ھوقۇقلىرى مۇنە-

مالرىغا توختىلىپ ئوتۇش تەبىي
ئەرسە دەپ ھېساپلايمىز. ھەممەدىن
ئاۋال شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ھەتتا
ئۇنى (ئۇيغۇرىستاننى) ئوز نامى بە-
لەن ئاتاش مەنئىي قىلىنغان. چۈنكى
«يېڭى چېگارا»، «يېڭى يەر» دەپ
تەرجىمە قىلىنىدىغان «شىنجاڭ» نا-
مالغۇسى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھاقارەت-
لىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى
ئوز يېرىدىن چەتلەشتۈرگەندەك بو-
لىدۇ. يەنى خىتايلار ئۈچۈن «شىن-
جاڭ- يېڭى يەر» بولسا، دېمەك،
ۋەتەننىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا روخ-
سەت قىلىنمىغانلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ
ھوقۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىش نامايەن
بولىدۇ.

بىيىل يانۋاردا ئېستونىيەنىڭ پاي-
تەختى تاللىندا بولۇپ ئوتكەن ۋەت
(ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى)
تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىنسان ھو-
قۇقلىرى بويىچە خەلق ئارا كونفېرېن-
سىيەدە (ئۇنىڭ ئىشىغا ئۇيغۇر دې-
لېگاتسىيەسىمۇ ئىشتىراك قىل-
غان ئېدى) بىز ئۇيغۇرىستان-
دا ئىنسان ھوقۇقلىرىغا خىلاپلىق قى-
لىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئۈچ بىلگىسى-
نى ئوتتۇرىغا قويغان ئېدۇق.

ھەممەدىن ئاۋال بۇ يەردە
«لوبنۇر» يادرو سىناق مەيدانى ۋە
ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسىغا بولغان
تەسىرى توغرىلىق سوز بولىدۇ. بىز
نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئې-
تىۋالىمىز، يادرو قوراللى قايسى مىل-
لەتكە تەئەللۇق ئېكەنلىكىنى سورى-
مايدىغۇ؟ لېكىن «ئارگۇمېنتى ئى
فاكتى» ھەپتىلىكىدە (1991- ژىللىقى
21-سانىدا) تەكىتلەنگىنىدەك «شەمەي
پولىگونىدا يادرو سىناقلىرى ئاما-
سى جەھەتتىن شەرقىي -جەنۇبىي تە-
رەپتىن شامال چىققان چاغدا ئەمەل-
گە ئاشۇرۇلغان. بۇ مۇناسىۋەت بى-
لەن خىتايلار ھەتتا نارازىلىق بىلدۈر-
گەن». «لوبنۇر» پولىگونىدىكى سى-
ناقلارغا توختىلىدىغان بولساق، ئۇ،
ژۇقۇرىدا تەكىتلەنگىنىدەك، ئۇيغۇر-
لار يېرىنىڭ تەڭ ژۇرىگە جايلاشقان
ۋە بەزىبىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 96 پىروتسېنتقا
يېقىنى ئۇ ياكى بۇ دەرىجىدە رادىيات-
سىيەگە دۇچار بولىدۇ. ئەگەر، مەز-
كۇر پولىگونىدا پارتلاشلارنىڭ كوپ-
چىلىكى ئاتموسفېرىدا (قوراللىنى سا-
موليوتتىن تاشلاش يولى بىلەن) ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى، ئەندى ئۇ-
لارنىڭ قۇۋۋىتى 3 مېگا توننىغا يېتىدى-
غانلىقىنى ھېساپقا ئالىدىغان بولساق،
ئۇ چاغدا يەرلىك ئاھالىنىڭ قانداق
دەھشەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى
روشەنلىشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن
خىتاينىڭ سابىق مۇداپىئە مىنىستىرى-
نىڭ بىيازنىڭ بىر سوزىنى كەلتۈ-
رۈش ئورۇنلۇقتۇر، ئۇ 60- ژىللىرى
خكپ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي
بيۇروسىنىڭ بىر مەجلىسىدە مۇنداق
دەپ بىلدۈرگەن: **«بىز ھەتتا شىنجاڭ-**
**دا يەرلىك ئاھالىنىڭ بىرمۇ ۋەكىلى**
**قالمىغىچە، ئۇ يەردە يادرو قوراللىنى**
**سىناق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز».**

بىز خىتاينىڭ رەسمىي مەلۇماتلىرى-
دىن ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈرۈشنى خا-
لىغان بولار ئېدۇق. مەسىلەن، **1989-**
**ژىللىقى «شىنجاڭ ژىللىق مەلۇماتلىرى-**
**دا»** تەكىتلىنىشىگە قارىغاندا، لوب
ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسىدا، ئاندىن
خوتەندە، قەشقەردە ۋە قىزىلسۇ قىر-

غىز ئاۋتونوم ئوبلوسىدا جىگەر راك ئاغرىقى بىلەن ئاغرىغانلار ئۇرغۇن بايقىلىدۇ. ئەندى 1985-يىللىقى «شىنجاڭ يىللىق مەلۇماتلىرىدا»، «شىنجاڭدا بۇرۇتسېلليوز، كرېتىنىزم ۋە باشقا ئاغرىقلار كەڭ دائىرىدە تارقالغان. هازىرقى ۋاقىتتا شىنۇنار ئاھالىسىنىڭ 10 پروتسېنتى دېگۈدەك ئەينە شۇ ئاغرىقلاردىن ئازاپ چەكمەكتە» (130-بەت).

ئەلۋەتتە، رەسمىي ئورگانلار بۇنى ئۆزلىرىچە چۈشەندۈرىدۇ. 1989-يىللىقى «شىنجاڭ يىللىق مەلۇماتلىرىدا»: «...بۇ ئاغرىقلار يەرلىك ئاھالە تەرپىدىن شەخسىي تازلىق قائىدلىگە رىايە قىلىنمىغانلىقتىن، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ سوغ سۇ ئىچىشىدىن يۈز بەرمەكتە» (1221-بەت) دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇيمىز.

هازىر، پولىگون زونىسى دائىرىسىدە بولغان بەزىبىر ناھىيەلەردە ئادەملەرگە كومپېنساتسىيە تۆلەنمەكتە. لېكىن مەلۇمكى، ئۇ پەقەت ئىشلەۋاتقان ئادەملەرگە بېرىلىدۇ. بۇ يەردە ھەيران قالارلىق نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇرستاندا خىتاي ئاھالىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئىش بىلەن تەمىنلەنگەن، ئەندى ئىشسىزلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇرلار.

ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ خىلاپلىق قىلىنىشى توغرىلىق ئېيتقاندا تا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان دەھشەتلىك جىنايەت توغرىلىق ئېيتماي مۇمكىن ئەمەس. ئىشىنەرلىك مەنبەلەرگە مۇۋاپىق، «لوبنۇر» پولىگونىغا ئوخشاش جايدا ئالاھىدە جازا لاگېرى موجۇت. ئۇنىڭدا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت 40 مىڭغا يېقىن ئادەم ئازاپ چەكمەكتە. ئۇ يەردە شۇنداقلا قازاقلار، قىرغىزلار ۋە باشقا خىتاي ئەمەس مىللەت ۋەكىللىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتچىلەر دەپ جاكالانغان ۋە ئۆلۈم جازاسىغا ياكى مۇددەتسىز تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. يادرو قوراللىرى سىناق قىلىنغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، ياكى توپ-توپى بىلەن پارتلاش مەركىزىگە يېقىن جايدىكى مەخسۇس خالىلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلاردا رادىئاتسىيەنىڭ تەسىرى قانداق بولغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ.

ئۇيغۇرستاندا ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ خىلاپلىق قىلىنىشى بىلەن باغلىق بولغان نۆۋەتتىكى مۇئەممالار - بۇ ئىچكىرىدىن خىتايلارنى ئاممىۋىي تۈردە ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كۆچۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنىڭ تويۇلۇشىنىڭ ئۆزى، يەنى خىتايلارنىڭ ئاممىۋىي تۈردە كۆچۈرۈلۈپ چىقىشى خەلقئارا ھوقۇق نورمىلىرىغا مۇۋاپىق ئاساسقا ئىگە ئەمەستۇر.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتتا تەبىئىي ئۆسۈشىمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆسۈشىدىن خېلە ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ. مەلۇمكى، 50-يىللىرى خىتايلارنىڭ ئولكىدىكى سانى 5 پروتسېنتتىن ئاشاتتى. هازىر رەسمىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلار ئاھالىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەندى ئۇيغۇرلار بولسا 76 پروتسېنتتىن 40 پروتسېنت دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان.

ئەندى خىتايلارنىڭ كۆپىيىشى بوا

سا خەلق مەركىزي كومىتېتى سىيا-
سي بيۇروسىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى
ئۆلكىلىرىدىن ش،ئۇ،ئارغا خىتايلارنى
پلانلىق ئۇردە كوچىرىپ چىقىش توغ
رىلىق قارارى نەتىجىسىدە مۇمكىن
بولدى. خىتايلارنىڭ كوچۈپ چىقىشى
ھازىرمۇ توختىتىلمايۋاتىدۇ.

ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ خىلاپلىق قى-
لىنىشى. بىلەن باغلىق بولغان مۇئەم-
مالارنىڭ ئۈچىنچى ئۆركۈمى بۇ پلان
لىق ئۆغۈت سىياسىتىدىن ئىبارەت.
ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ۋە ئوچۇقتىن -
ئوچۇق ئاممىۋي قىرغىنچىلىقنىڭ
دەھشەتلىك كورۈنۈشلىرى توغرىلىق
ئېيتىشىمىزمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.
چۈنكى بۈنى ئۇيغۇرىستاندىكى ھەر
بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى ھىس قىلماقتا
ۋە ئۇيغۇرلار قەيەردىلا ياشىمىسۇن
بۇ پاجىئە توغرىلىق بىلىدۇ. ئا ئاخىر-
قى ۋاقىتلارغىچە ئۇيغۇرىستاندا ئەمە
لىياتتا ئىمە يۈز بېرىۋاتقانلىغى توغ-
رىلىق دۇنياۋىي جامائەتچىلىكنىڭ خە
ۋەرسىز قىلىۋاتقانلىغى بۇ باشقاگەپ.
يەنە كېلىپ خىتاينىڭ رەسمىي ھاكى-
مىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلى-
شى بىلەن بۇ سىياسەتنى مەملىكەت
ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئورغۇن بولۇ-
شى بىلەن ئاقلاشقا ئورۇنماقتا. ئۇ-
لار پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس؛
بەلكى بارلىق باشقا خەلقلەرمۇ ئۆ-
غۈتنى چەكلىشى لازىم دەپ تەكىتلى-
مەكتە. لېكىن بۇ يەردە ئۇيغۇرىستا
دىكى رىئال ۋەزىيەتنى بىلمىگەنلىك
كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بىر مىللارد
ئاھالىغا ئىگە خىتايلار ئۈچۈن بۇ سىيا
سەت بەلكىم بەخت ئېلىپ كېلەر، ئەمە
دى. خىتاينىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان
موڭغوللار، قازاقلار، قىرغىزلار، تا-
جىكلار، تاتارلار، ئوزبەكلەر ۋە باشقا

مىللەتلەر ئۈچۈن: بۇ سىياسەت ئانچە
چوڭ زەربە بەرمىگىنى بىلەن 95
پروتسېنتنى ئۇيغۇرىستاندا ياشايدى-
غان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن -بۇ يەر يۈ-
زىدىن يوقۇلۇپ كېتىش يولىدۇر. دې
مەك، ھازىر ئۇيغۇر خەلقى ياكى
يوقاپ كېتىش، ياكى كۆرىشىش يوا
لىرى ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەندى ئەينە
شۇ كۆرەشتە ئۇنىڭغا دۇنياۋىي بىر-
لەشمە ياردەم بېرىشى مۇمكىن ۋە لا
زىم. مەلۇمكى، بىر ھامانەم ئاش-
كارىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقا-
لىنى مەلۇم ئىبارىنى ئوزگەرتىش بى-
لەن تامامىلاشنى خالىغان بولار ئىدىم.

-خەلقىنىڭ بىر قىسمى توغرىلىق
ھەقىقەتنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يو-
شۇرۇش مۇمكىن. پۈتكۈل خەلق توغ
رىلىق ھەقىقەتنى قىسقا ۋاقىت يوشۇ
رۇش مۇمكىن. لېكىن ھەر دايىم پۈ-
تۈن بىر خەلق توغرىلىق ھەقىقەتنى
يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى
توغرىلىق ھەقىقەت ھېچ كىمنى پەر
ۋاسىز قالدۇرمايدىغانلىغىغا ئىشى-
نىمىز.

## مەلومات

ئۆتكەن ژىل ۋە ئىشمىزنىڭ
لوبنوردىكى تراپسكى دەريا سو-
لىرىنى 7 مىلليارد 400 مىل-
ليون كوب سو كېمەيىپ لوپلىق
كولى قۇرۇپ كەتكەن . 280
جايدا ھەرخىل تەبىئى ئاپەت
لەر بولۇپ بىر مىلليون ئىچىگە ئا-
دەم ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان .

## يادرو قورالىغا ئىگە دۆلەتلەردە، ئاقش، خىتاي، فرانسىيە ۋە ئۇلۇق برىتانىيەنىڭ خەلقلىرى بىلەن ھۆكۈمەتلىرىگە مۇراجىئەت

27–28 – مارت كۈنلىرى ئالمۇتىدا (قازاقىستان) «نېۋادا – سەمەي» خەلق ئارا يادرو قورالىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ كونفېرېنسىيەسى بولۇپ ئۆتتى، ئۇ «نېۋادا – سەمەي – مورورۇئا – لوبنۇر – يېڭى يەر» خەلق ئارا يادرو قورالىغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ئۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىتتىپاق پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى 1995 – يىلىغىچە يادرو قورالىنى تارقاتماسلىق توغرىلىق شەرتنامىنى يېڭىلاش پەيتىگىچە يەر يۈزىدىكى بارلىق بەش يادرو پولىگونىنى يېپىشتىن ئىبارەت.

ئالمۇتىدا بولۇپ ئۆتكەن كونفېرېنسىيە بۇ پرىنسىپنىڭ ھاياتى مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىدى.

لوبنۇر پولىگونى ئونلىغان يىللار داۋامىدىكى ئۆز پائالىيىتىدە خىتاي، قازاقىستان، روسسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ئاھالىسىنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. كونفېرېنسىيەدە تەكشۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ئاغرىق ۋە ئۆلۈم دەرىجىلىرىنىڭ كەسكىن ئۆسۈشى يادرو قورالىنى سىناق قىلىش بىلەن توغرىدىن – توغرا باغلىقتۇر.

بىز خەلق ۋە پارلامېنت دىپلوماتىيەسىنىڭ مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاسىتىلىرى لوبنۇردىكى پولىگوننىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش ئۈچۈن ۋە بۇ خىلدىكى يېڭى ئوبيېكتلارنىڭ ئېچىلىشىغا قارشى تۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىمىز توغرىلىق بىلدۈرىمىز.

بىز خىتاي خەلقىنىڭ بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىز توغرىلىق ۋە ئۆز ھالاكىتى توغرىلىق خەۋەر تاپىدىغانلىقىغا ۋە يادرو قورالىغا قارشى ھەرىكەتنى قوللاپ – قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز خەلقىنى ۋە ئىنسانىيەتنى يادرو قورالى بىلەن سىناق قىلىشنى توختىتىشى مۇمكىن بولغان بارلىق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغا ئۈمۈت قىلىمىز.

بىز يەنە يادروسىز 21 – ئەسىرگە قەدەم تاشلايلى دېگەن پرىنسىپنى جاكالايمىز! تىنچلىقنى خالىساڭ ئۇنىڭغا تەييارلان!

**مۇراجىئەت كونفېرېنسىيەدە يەكدىللىك بىلەن قوبۇل قىلىندى.**

**ختاينىڭ لوبنور پالىگونىنى ياپقۇزايلى !**